2000
ژىل
23 - سېنتەبر
شەنبە
№ 9
(4134)

يېڭى ھايات

Йеңи hаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - ژىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

«يېڭى ھايات» بىلەن 21 - ئەسىرگە

مۇشتىرى توپلاش - 2001

ئەۋلاتلارغا سەن قەدىرلىك كېرەكسەن، بىلىملەرنىڭ غەزنىسى ئاچقىنى

مانا ھەش پەش دېگىچە يازمۇ چىقىپ، بارغانسېرى ئالتۇن كۆز ئۆز ھوقۇقىنى ئورنىتىپ، بىزنى قىشقا تەييارلىق قىلىشقا ئۈندىمەكتە. ھە، ھايات قانۇنلىرى ھەر قانداق شارائىتتا بولسۇن، ئۆز قىنى بىلەن داۋاملىشىۋېرىدۇ. موشۇ سېنتەبر ئېيىدىن تارتىپ جۇمھۇرىيەتتە 2001 - ژىلى ئۈچۈن ئاممۇۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى - گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتىرى توپلاش مەۋسۇمى ئۇمۇمىيۈزلۈك باشلاندى.

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! «يېڭى ھايات» گېزىتى ئۆتكەن ئوتتۇز ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە سىز بىلەن بىللە بولۇپ، سىزنىڭ يېقىن سىرداش - مۇڭدىشىڭىزغا ئايلاندى. بۇ دەۋىر ئىچىدە دۇنيادا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ھاياتىمىزغا كۆپلىگەن يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. دۇنيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى قىزىل ئىمپېرىيەنىڭ بىرى - س س س ر ئىمپېرىيەسى پارچىلىنىپ، ئون بەش مۇستەقىل دولەت ئۆز بايرىغىنى تىكلىدى. ھە، بۇ بولسا، ئاسارەتتىكى، مەزلۇم خەلقلەرنى روھلاندۇردى، ۋاقتى - سائاتى كەلگەندە ئۆز ئىستىقلالىيىتىنى قايتا تىكلەشكە ئۈمۈتلەندۈردى.

بىز، ھۆرمەتلىك گېزىتخان، موشۇ ۋە باشقىمۇ چوڭ ۋاقەلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە مۇمكىن قەدەر لىللا يورۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىپ كەلدۇق. ئۆتكەن ژىلى نويابىردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، چەت ئەللەردە ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنى جەملەپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئورتاق نىيىتىنى ئىزھار قىلدى. مانا بىيىل مارت ئېيىدا شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ گېرمانىيەنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى تەرىپىدىن رەسمىي رويخەتتىن ئۆتكەنلىكى توغرىلىق خۇش خەۋەر كەلدى. خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن داۋاسى پەيدىن - پەي خەلىق ئارا مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. 1999 - ژىلى 21 - ئاپرېلدا «خەلىق ئارا كەچۈرۈم» تەشكىلاتىنىڭ ب م ت غا ش ئۇئاردىكى ئىنسان ھوقۇقلىرىغا قوپال خىلاپلىق قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى كولەملىك دوكلادى بۇنىڭ يارقىن دەلىلى بولسا كېرەك.

بىز گېزىتىمىزدە جاپاكەش ۋە قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن كۆپ ئەسىرلىك تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ موشۇ ۋاقىتلارغىچە سىر ساقلىنىپ كەلگەن بەزى مەسىلىلىرىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ئەدەبىيات - سەنئىتى، مەدەنىيىتى، دىن تارىخى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، مۇستەقىل قازاقىستاننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتى، جۇمھۇرىيەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھاياتى ۋە تىرىكچىلىكى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇئامماللار ھەققىدە ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يار بېرىشىچە ماتېرىياللار بېرىپ كەلدۇق.

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! ئەگەر سىز يەنىلا ئەينە شۇنداق ماتېرىياللاردىن بەھرىمان بولۇشنى خالىسىڭىز، 2001 - ژىلغا «يېڭى ھايات» گېزىتىگە مۇشتىرى بولۇشنى ئۇنتىماڭ.

«يېڭى ھايات» ۋە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ بىر ژىلغا يېزىلىش باھالىرى:

«كازپوچتا» ئاكسىونېرلىق جەمىيىتى بويىچە:

«يېڭى ھايات» - ئىندېكسى 65359. ئالمۇتا شەھىرىدە - 439 تەڭگە 32 تىيىن؛

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 451 تەڭگە 80 تىيىن.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» - ئىندېكسى 65357. ئالمۇتا شەھىرىدە - 972 تەڭگە 36 تىيىن.

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 1026 تەڭگە 48 تىيىن.

«كازپاسپاسوز» ئاگېنتلىقى بويىچە:

«يېڭى ھايات» - ئىندېكسى 65359. ئالمۇتا شەھىرىدە - 438 تەڭگە؛

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 453 تەڭگە.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» - ئىندېكسى 65357. ئالمۇتا شەھىرىدە - 947 تەڭگە 0.4 تىيىن.

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 1007 تەڭگە 0.4 تىيىن.

مەرھەمەت خالىس ئىقتىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802 МФО 190501719,
код719 АГФ ОАО Банк "Центр Кредит"

قىسقا خەۋەرلەر

جۇمھۇرىيەتتىكى دېموگرافىيەلىك ئەھۋال

2000 - ژىلىنىڭ يانۋار - ئىيۇل ئايلىرىدا قازاقىستاندا ئاھالىنىڭ تەبىئىي ئوسۇشى 40 مىڭ ئادەمنى تەشكىل قىلغان. ئۆتكەن ژىلىنىڭ شۇ دەۋرىدە بۇ رەقەم 35.9 مىڭ ئادەمنى تەشكىل قىلغان ئىدى. ستاتىستىكا ئاگېنتلىقىدا خەۋەر قىلىنىشىغا قارىغاندا، بۇ ۋاقىت ئىچىدە جۇمھۇرىيەتتە 131.2 مىڭ بالا تۇغۇلغان. بۇ ئۆتكەن ژىلىنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 5.9 پائىز ئوشۇق. ئەڭ ژۇقۇرى تۇغۇت دەرىجىسى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي رېگىونلىرىدا، جۈملىدىن جەنۇبىي قازاقىستان ۋە قىزىلوردا ۋىلايەتلىرىدە ساقلانماقتا. بىيىل يانۋار - ئىيۇل ئايلىرى ئىچىدە قازاقىستاندا 91.2 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. بۇ ئۆتكەن ژىلىنىڭ شۇ ۋاقتىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 3.7 پائىز ئوشۇق.

تالىپلار تاجىكستان چېگارىسىغا يېقىنلاشتى

ئاۋغانىستان «تالىبان» ھەرىكىتىنىڭ قوراللىق ئوتردلىرى ئاۋغانىستاننىڭ شىمالىدىكى سىتراتېگىيەلىك رايوننى قولغا ئالدى ۋە تاجىكستان چېگارىسىغا يېقىنلاشتى. تالىپلار تانكىلار ۋە ئارتىللېرىيەنىڭ ياردىمى بىلەن قۇندۇز ئۆلكىسىدىكى ئىماماسەھىب رايونىنى ئىشغال قىلدى. ئەينە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەخمەد شاھ مەسۇدنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان شىمالىي ئىتتىپاق ئەسكەرلىرىنى تەمىنلەش يولىنى تۇستى. 6 - سېنتەبر كۈنى تالىپلار ھۇجۇم جەريانىدا تاخار ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى تالۇكان شەھىرىنى ئىشغال قىلغان ئىدى. بۇ بولسا مەسۇد ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى خېلە ئاجىزلاشتۇردى، چۈنكى كابۇلنىڭ شىمالىدىكى پاندشىر سېيدىكى ئۇنىڭ ئاساسى بازىسىنى تەمىنلەش يولى كېسىلگەن ئىدى. تالىپلار تەرىپىدىن ئىماماسەھىب رايونىنىڭ ئىشغال قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئاۋغانىستاننىڭ شىمالىدىكى مەۋقەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ ۋە شىمالىي ئىتتىپاق ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

ئىلمىي - ئەمەلىي كونفېرېنسىيە

ئاستانا. يېقىندا ئاستانادا تاموژنا ئىتتىپاقىغا قاتناشقۇچى دولەتلەر تاموژنا خىزمەتلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات قىلىش ئىشلىرىغا بېغىشلانغان خەلىق ئارا ئىلمىي - ئەمەلىي كونفېرېنسىيە بولۇپ ئۆتتى. كونفېرېنسىيەدە مەملىكەتنىڭ تاموژنا خىزمىتىنى تېخىمۇ تەرەققىي ئەتكۈزۈش ئۈچۈن قارىتىلغان مۇھىم چارە - تەدبىر...

لەر ئىشلىنىپ چىقتى. مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسى

20 - سېنتەبر كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ترانسپورت ۋە كوممۇنىكاتسىيەلەر مىنىسترى كەرىم مەسىموۋ مەتبۇئات كونفېرېنسىيەسى ئېچىپ، ئۇنىڭدا ترانسپورت بويىچە ئىككىنچى خەلىق ئارا يېۋروئازىيە كونفېرېنسىيەسىنىڭ نەتىجىلىرى توغرىلىق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. خەلىق ئارا كونفېرېنسىيە سانكت - پېتېربۇرگتا 12 - 13 - سېنتەبر كۈنلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەخسىتى - كېلىشىلگەن ترانسپورت سىياسىتىنى ئىشلەپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىر قاتار ھۆججەتلەر ئىمزالاندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى - قازاقىستان بىلەن روسسىيەنىڭ ساھالىق مىنىسترلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىملەر.

رويخەتكە ئېلىنمايدۇ

بىشكېك. دولەت تىلىنى بىلمەيدىغان دولەت رەھبىرى لاۋازىمىغا ئۈمۈتكارلار: ئا. ئارتىقوۋ، ئا. ئۇسۇبايېۋ، ئى. قادىربېكوۋ، يۇ. تويچىبېكوۋ، ئى. مەسەلىيېۋ، ئا. مالىيېۋ، ئو. سۇۋانالىيېۋ قانۇن تەلەپلىرىگە بىنائەن نامزاتلار سۈپىتىدە رويخەتكە ئېلىنمايدۇ. مۇنداق قارار مەركىزىي سايلام كومىسسىيەسى ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسىدە قوبۇل قىلىندى.

ئۇيغۇر يۇرتلىرى

گېزىت بىلەن ئالاقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيمىز

يېقىندا «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىت-لىرىنىڭ ژۇرناليستلىرى ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇرلار زىچ ئول-تىراقلاشقان چوڭ ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ بىرى - دروۋبا مەھەللىسىدە بولۇپ جامائەتچىلىك ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى. مەزكۇر ئۇچرىشىشقا يۇرت موتىۋەرلىرى، گې-زىتلىرىمىزنىڭ ئاكتىۋىستلىرى ئىشتىراك قىلدى.

ئۇچرىشىشتا بىرىنچى بولۇپ سوز ئالغان دروۋبا «مۇزززەممىل» مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابباس قارى ھاجىم يۇرتتىكى ھازىرقى ئىجابىي ئىشلارغا توختىلىپ، ئىس-لام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەخلاقىي، ئادىمىيلىك پەزىلەتلى-رى ئاساسىدا ئامما ئارىسىدا تەربىيەۋىي ئىشلارنى ژۇر - گۈزۈشنىڭ، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە نىسبەتەن مېھىر - شەپقەتلىك، قېرىنداشلىق روھىدا مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئىنىق مىساللار ئاساسىدا موشۇ ژىلى ئىچىدە مەسچىت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار سوۋاپلىق

ئىشلار ھەققىدە تەپسىلىي سوزلەپ بەردى. بولۇپمۇ، ھا-زىرقى ئىختىسادىي بوھرانچىلىق توختىماي داۋام قىلى-ۋاتقان شارائىتتا، تۇرمۇشى ناچار، ياققۇچىسىدىن ئايرىل-غان ۋە باشقا ئائىلىلەرگە خەيرى - ئىھسانلىق ياردەم قو-لىنى سۇنۇش - بۇ ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئەڭ ياخشى، ئىب-رەتلىك كورۇنۇشلىرى بولسا كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن سوزگە چىققان ئەۋېزوۋ ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى زاماندىن جامال-

دىنوۋ، دروۋبا مەھەللىسىنىڭ ۋەكىت بېشى نۇرەخمەت مالەنوۋ، ئەۋېزوۋ ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ياشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى پەرھات سەيدىنوۋ ۋە باش-قىلار دروۋبا يۇرتى ئۇيغۇر جامائەتچىلى-كىنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقىنى، يۇرتتىكى ئولگە بولارلىق ئىشلار، توي - توكۈن نەزىر - چىراغ ئوتكۈزۇش مۇەممالار-نى تەرتىپلىك، ھازىرقى زامان تەلىۋىگە لايىق ھاسىلە-تى ئوتكۈزۇش ھەققىدە، ياشلارنى نەركوماتىيە، ھاراق-خورلۇق، ھەر خىل جىنايى ئىشلاردىن نىرى قىلىش يول-لىرىدا قىلىنىۋاتقان ئىشلار توغرىلىق، شۇنداقلا «يېڭى ھا-يات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ ھازىرقى جۇش-قۇن ھاياتىمىزدىكى رولى، موشۇ مۇشتىرى توپلاش مەۋ-سۇمىدا مەزكۇر گېزىتلىرىمىزغا يۇرتداشلارنى تۈگەل مۇش-تىرى بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەكىت-لىدى.

ئاندىن رېگوناللىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئاق-ساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ت. بىيشانوۋ، «ئۇيغۇر ئا-ۋازى» گېزىتىنىڭ خادىمى مۇختەر ئابدۇراخمانوۋلار سوز ئېلىپ، گېزىتلىرىمىز بىلەن جامائەتچىلىك ئوتتۇرىسىدى-كى ئالاقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش، بارلىق مۇەممالار-نى بىرلىكتە ھەل قىلىشنىڭ، ھازىرقى شارائىتتا خەلق-مىزگە ئىناق - ئىتتىپاقلىقىنىڭ، ئىغىز بىرلىكىنىڭ قانچە-لىك مۇھىم ئىكەنلىكى ۋە ھاياتىمىزدا «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ يۇرتتىكى بارلىق جامائەتچ-لىكنى تۈگەل مۇشتىرى بولۇشقا چاقىردى.

(ئوز مۇخبىرىمىز).

ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى بىزگە بولسۇن...

سۇلتانقورغان ئالمۇتىدىكى مەھەللىلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئاھالىسى زىچ يۇرتلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. شەھەردىكى تۈركسىب ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىيىتى مە-ھەللە موتىۋەرلىرى بىلەن ھەمكارلىقتا ئورغۇن ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. يۇرتنىڭ ئوزى يۇرت ئابرويىنى تې-خىمۇ كوتىرىمەكتە.

بۇ يۇرتتا ئىككى مەسچىت بارلىشىپ، ئۇمۇمى سۇل-تانقورغان مەسچىتى دىنىي باشقارمىسى تەشكىل قىلىن-غاندىن بۇيان (رەئىسى نەزامىدىن گەرايېۋ) بارلىق ئۇ-زىتى - ئوزى باشقۇرۇش كومىتېتى، ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى، ۋەكىت باشلىقى نۇرلىرىگە تايىنىۋ-رۇلغان ئۇيغۇر ئىشلىرىدىكى جاۋاپكارلىق بىلەن ئورۇنلاپ، تەۋە جامائەتچىلىك ھاياتىدا كويلەگەن ئىنىزگىرش، يېڭىلىق-لارنىڭ ئۇمۇمىي يۈز بېرىشكە دەۋەتچى بولۇپ، جاما-ئەتنى بىر مەختەتكە سەپەرۋەر قىلىشقا ساھالىق ھە-سە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يۇرتتارچىلىق ئىشلارغا باغلىق ھەر قانداق مۇھىم مەسىلىلەرنى دىنى باشقارمىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ئوز ئارا ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىشنى قولغا ئالدى. ھازىر سۇلتانقورغان مەھەللىسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چارە - تەدبىرلەر ئېي-نە شۇ دىنى باشقارما ئەزالىرىنىڭ قاتنىشىشى، بىۋاس-تە رەھبەرلىكىسىز ئوتمەيدۇ. بۇ ئىشلاردا ئۇلار يۇرت ئاك-تىۋىستلىرى ت. غوجابەردىيېۋ، م. خۇدايقۇلوۋ، ت. مول-دابېكوۋ، ت. قەمبەردىنوۋ، م. بىلالوۋ، د. رازىيېۋ، ھ. ئازنە-باقىيېۋ، ھ. ئىبراگىموۋ، ئى. پارماشېۋ، ر. سادىقوۋ، ئە. غو-جەخمەتوۋ ۋە باشقىمۇ مەدەنىيىتىمىز جانكويەرلىرىنىڭ چوڭ ياردىمىگە تايىنىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇلار خېلىلا ئورغۇن چارە - تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

مىللىي مائارىپىمىز بىلەن مەتبۇئاتىمىز جانكويەرلىرى-مۇ بۇ يۇرتتا كوپلەپ سانىلىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىت-لەپ ئوتۇش كېرەككى، ژۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ئاكتى-ۋىستلار ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ يۇرت ئاھالىسى ئارىسى-دا كەڭ تارىلىشىغىمۇ كۈچ سىڭدۈرىۋاتىدۇ. يېقىندا «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەلىرى-نىڭ خادىملىرى سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە بولۇپ، يۇرتىمىزدە ژۇرگەن بىر توپ ئاكتىۋىستلار بىلەن ئۇچ-راشتى. ئەينە شۇ باش قوشۇشتا سوز ئالغان تونۇشىڭى مەسچىتنىڭ باشلىقى ئىرسىن قەمبەردىنوۋ كېلەر ژىلغا 30 ئائىلىگە «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنى مەسچىت قومى نامىدىن يازدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە بەردى. ئەندى ژۇقار-قى مەسچىتنىڭ باشلىقى ھېمىت يۇسۇپوۋ ئوز سوزىدە: «ھوكۇمەت قوللاۋاتقان گېزىتنى بىز، ئۇيغۇرلار ئېمىشكە قوللىمايمىز. ئەگەر ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان گېزىتلار-غا ئوزىمىز يېزىلمىساق، كىم يېزىلىدۇ؟ بىيىلدىن باش-لاپ، «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا-رى سوزىدە تۇرسا، 2001 - ژىلى سۇلتانقورغاندا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى 2000 مىڭ نۇسخا تارايدىغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىن 4 - 5 ژىل ئىلگىرى سۇلتانقورغاندا ئوت-تۇز ژىلدەك چوڭ ۋەكىت بېشى ۋەزىپىسىنى ئاتقورغان مۇرھۇم ئومەر ئىسلاموۋ بىر چوڭ مەراسىمدا: «ھورمەت-لىك يۇرتداشلىرىم ئەگەر ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان، دىلى-مىزنى يورۇتىۋاتقان گېزىتلىرىمىزغا يېزىلمىساق، بىزنىڭ

مۇشتىرى توپلاشقا جىددىي كوڭۈل بولۇشىمىز كې-رەك. «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى سۇل-تانقورغان مەھەللىسى بويىچە 2 - 2,5 مىڭغا يەتكۈزۈش-كە ئىمىشكە بولمايدۇ. «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ مۇشتى-رىلىرىنى كوپەيتىشمۇ ئەينى مۇددىما بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ-چۈن پەقەت ھەممىمىز بۇ ئىشقا بىپەرۋا قارىماي، بىرلە-شىپ، تەشكىلچانلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. قىسقىسى، سۇلتانقورغاندا مۇشتىرىلار سانىنى كو-پەيتىشىمىز كېرەك». يۇرتداشلىرىنىڭ سەممىي ئېيتقان پىكىرلىرىنى شۇ كۈنى ئۇچرىشىشقا قاتناشقان يۇرت ئاك-تىۋىستلىرى، گېزىتلىرىمىز جانكويەرلىرى ھوسمانجان ئوبۇلوۋ، مەھەممەتجان ھاجىم ھاسانوۋ، ماخمۇت خۇداي-قۇلوۋ، يۇنۇس ئەرشىدىنوۋ، زۇنۇن سۇلايمانوۋ ۋە باشقى-لار قوللاپ - قۇۋەتلىدى. ئۇلار كېلەر ژىلغا مۇشتىرى توپلاشقا ئوزلىرىنىڭ يېقىندىن ياردەم كورسىتىدىغانلى-غانلىقىنى ئىزھار قىلدى. خوشال بولارلىق يېرى شۇ-كى، ئەگەر ئوز ۋەدىسىنى بەرگەن يۇرت ئاكتىۋىستلى-ئۇيغۇر بولغىنىمىز قېنى؟» دەپ يۇرتداشلىرىغا رەنجە-گەن قىياپەتتە ئېيتقان ئۇچار سوزى كۆپايە بولغانكى، شۇ سورۇندىلا كىشىلەر «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا كەينى - كەينىدىن يېزىلدى. بەزى مەرت ۋىكىتلەر تۇرمۇشى ئېغىر ئادەملەرنىڭ مۇشتىرى بولۇشى ئۈچۈن 10 - 15 مىڭ تەڭگىدىن ئىئانە قىلغان ئېدى.

موشۇ قېتىم سۇلتانقورغاندا ئوتكەن ئۇچرىشىشتا باي-قىغىنىمىز، بىزگە ئەشۇ ئەزىز، ھورمەتلىك ئاكىمىزنىڭ ياخ-شى باشلانمىسى، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارقىلىق قايتىدىنلا تىكلىنىۋاتقاندەك بىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز، گېزىت خادىملىرى، سۇلتانقورغانلىقلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ياخشى ئىشلىرىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، يۇرت ئۇ-چۈن جان كويدۈرگەن ئومەر ئاكا ئىسلاموۋ ئوخشاش قە-دىرلىك ئاكىلىرىمىزنىڭ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى ئۇلار-غا مەدەت بولسۇن دېمەكچىمىز.

شەمشىدىن ئايۇپوۋ.

تارىخنى ساختىلاشتۇرغۇچىلارغا رەددىيە

ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئۇيدۇرمىلار ۋە ھەقىقەتلەر

(ئاخىرى، بېشى ئۆتكەن ساندا)

1990 - ژىلى 2 - ئايدا تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتاۋى نەشىر قىلىندى. بىراق، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى، بۇ كىتاپ ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىي قالغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بۇ كىتاپنى مەنئىي قىلدى ۋە كەڭ كۆلەمدە تەنقىت قىلدى. بۇ كىتاپنىڭ ياقمىغان يېرى - ئۇيغۇرلارنى 6000 ژىللىق مەدەنىيىتى بار خەلق دەپ، خىتايدىنمۇ قەدىمىي قىلىپ يازغانلىقى، شۇنىڭدەك، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى، مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلغانلىقىدا بولدى!..» گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنمىغانلىقتىن، كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ھازىرقى «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» شارائىتىدا داۋاملىق ھالدا رىۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

يەنە چەت ئەللەردە تۈزۈلۈپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تونۇشمۇ ئاستا - ئاستا كېڭىيىۋاتىدۇ... بۇ ئىش، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشنىڭ تەركىۋى قىسمى بولماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ ساختا تارىخنى يېزىشتىن ئىبارەت سىياسىي ئويۇن، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. موشۇنداق كۈرەشلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقى، ئاخىرى ئۆز مۇستەقىللىقىگە ئېرىشىدۇ.» (لىندا بېنسون. «بىرلىك» ژۇرنىلى، 1996 - ژىل 1 - سان.)

ئۇنداق بولسا، ئۇيغۇرلار زادى كىملەر؟

ئۇيغۇرلار - ئاسىيا قىتئەسىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرسى. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 20 - ئەسىردىن تارتىپ، مىلادىدىن كېيىنكى 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىغىچە بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋىردە ئۇلۇق، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىي دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، پارلاق مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان خەلق، بۇلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار - بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېتنىك مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلغان. بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە، ئىنسانىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مەنبە بولغان بەش ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ بىرسىدۇر. تارىخىي دېرەكلەرگە ئاساسلانغاندا، دەسلەپكى ئۇيغۇر بەگلىكلىرى - قەبىلە ئاقساقاللىرى تۈزۈمى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 8000 ژىللار بۇرۇن پەيدا بولغانلىقى مەلۇم.

شەرىق مۇئەررىخى ئابۇلغازىنىڭ «تارىخ شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جاي - ماكانلىرى ھەم دەسلەپكى دۆلەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇماتنى بېرىدۇ: - «ئۇيغۇرستاننىڭ زېمىنىدا ئاسمان پەلەك ئىككى تاغ بار ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ ئۇزۇنلىقى مەغرىبتىن - مەشرىققىچە سوزۇلاتتى. بىرسىنىڭ ئىسمى: «بۇغراتو بوزلۇق»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «ئۇچقۇنلۇق تەگرىم» ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ بىرىسىدىن ئون ساي، ئىككىنچى يېقىدىن توققۇز ساي تولۇپ سۇ ئاقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ دەريالار ئىدى. ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى - ئون ئۇيغۇرلار، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى - توققۇز ئۇيغۇرلار - دەپ ئاتاتتى. بىر زامانلارغا كەلگەندە، ئون ئۇيغۇرنىڭ بەگلىرى بىرلىشىپ بىر دۆلەت بولۇپ مەنخۇتاي دېگەن كىشىنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلىدى. توققۇز ئۇيغۇرنىڭ بەگلىرى بىرلىشىپ كۆل ئەركىن دېگەن كىشىنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلاپ ئېلىشتى. ئۇلار ئۆز خانلىرىغا «ئېل ئىلتەر» يەنى (خەلقنى يولغا باشلىغۇچى) دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىشتى...».

تارىخچىنىڭ ژۇقۇرىدىكى بايانلىرىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى: 1) ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ، تەگرى تېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنى، تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن. 2) ئۇيغۇرلار مەلۇم دەۋرگە كەلگەندە تارقاق بەگلىكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مەركەزلەشكەن دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۆز خانلىرىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان. 3) ئۇيغۇرلار دۆلەت باشقۇرىدىغان خانلىرىنى ئۆزلىرى سايلاپ قويىدىغان بولغان. بۇ پەقەت قەدىمىي زامانىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىلىق بېرىلگەن مەلۇمات. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بۇ چەكتىن ئالقىپ چىقىپ ھىنگان تاغلىرىدىن تا، ئادرىئاتىك دېڭىزىغىچە، سىبىر تايگىسىدىن سەددىچىن سېپىلى، تىبەت ۋە ھىندىستانغىچە كېڭەيگەنلىكىگە تارىخ گۇۋا.

ئەندى «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك - 13 - ئەسىردە ياشىغان شەرىق مۇئەررىخى راشىددىننىڭ «جامىئۇلتەۋارىخ»، 16 - ئەسىردە ياشىغان خىۋە خانى ئەبۇلغازىنىڭ «تارىخ شەجەرەئى تۈرك» ئەسەرلىرىدە بايان قىلىنىشىچە - «بۇنىڭدىن 6000 ژىل ئاۋال ئۇيغۇر تىللىق قەبىلىلەرنىڭ باتۇر ۋە ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا، جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئەرلىكى ۋەتىنىگە ۋە خاقانغا سادىقلىقى ئۈچۈن «ئۇيغۇر» دېگەن نام بېرىلگەن ئىكەن.

تۈرك تارىخچىسى مۇرات رەمزى بولسا، «ئۇيغۇر» دېگەن نام مىلادىدىن 2850 ژىل مۇقەددەم بار ئىدى» دەيدۇ. ئالىمنىڭ موشۇ مەلۇماتىنى دۇرۇس دەپ قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەڭ كام 5000 ژىل بولغان بولىدۇ.

«ئۇيغۇر» ئاتالمىسىنىڭ مەنىسى بولسا، ئۇيغان، ئۇيۇشقان، بىرىككەن، ئىتتىپاق دېگەن مەنالارنى بېرىدۇ. بۇنداق قاراشنى بارلىق ئالىملار بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان. توغرا، بۇ نام دەسلەپتە، بىرلا قەبىلىنىڭ نامى بولغان. بىراق، موشۇ «ئۇيغۇر» قەبىلىسى باشقا قەبىلىلەرگە قارىغاندا سانى كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، قۇدرەتلىك قەبىلە بولغانلىقىدىن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان خانلار كۆپىرەك موشۇ قەبىلىدىن سايلىناتتى. ھۆكۈمران قەبىلە «ئۇيغۇر» قەبىلىسى بولغانلىقتىن، تەبىي ھالدا، بۇ دۆلەت ئۇيغۇر دۆلىتى دەپ، ئۇنىڭ پۇخرالىرى بولسا، «ئۇيغۇر ئۇلۇسى» دەپ ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ، ئەشۇ دۆلەتنىڭ پۇخرالىرىنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر بىرلا قەبىلىنىڭ نامى ئەمەس، ئۇيغۇر دۆلىتى تەركىۋىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار نەسىلداش تۈركىي خەلقلەر بىلەن بىللە نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يېۋرويئازىيەنىڭ سىياسىي تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان. 12 - 13 - ئەسىرلەردىكى ئۇلۇق موڭغۇل ئىمپېرىيەسى زامانىدىمۇ، موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت ژۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا، چەت مەملىكەتلەر بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ رولى ساۋاتسىز، كۆچمەن موڭغۇللارنىڭ رولىدىن ژۇقۇرى بولسا بولغانكى، تۆۋەن بولغان ئەمەس. ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە قانچە سانغۇن - سەردارلىرى ئۇيغۇرلار ۋەكىللىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە.

قېنى ئەندى ئۇيغۇرلار توغرىلىق دۇنيا ئالىملىرى نېمە دەيدۇ، ئاڭلاپ باقايلى: 19 - ئەسىردە ياشىغان ئىنگلىز تارىخ تەتقىقاتچىسى جېيمس چارچاۋارد: - «قەدىمىي كونتىنېت - مۇ» ناملىق كىتاۋىنىڭ 92 - 94 - بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: - «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن ئىزدەش كېرەك. ئۇيغۇرلار، ئارىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئېتنىك مەنبە بولغان ئىدى. ھەتتا، پۈتۈن ئاسىيا قورۇقلۇغىغا ئىنسانلارنىڭ تارقىلىشى - ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇق كۆچۈشلىرىدىن كېيىن بولغان... ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 17000 ژىل بۇرۇنلا مەدەنىيەتنىڭ ژۇقۇرى پەللىسىگە يەتكەن ئىدى. ئۇلار يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق، مەتبەچىلىك، تىبابىيەت ئاسترونومىيە ۋە باشقا ساھالاردە ژۇقۇرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردىلا ژۇڭ، تېرە، ئېپەك، ياغاچ ماتېرىياللىرى، تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن پايدىلىنىپ، ئۇستىلىق بىلەن تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىشلەشنى بىلەتتى... بۇ - ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، مىسىر مەدەنىيىتىدىن خېلە بۇرۇن تەرەققىي ئەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھىند ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان تېكىستلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان. قەدىمىي خىتاي مەنبەلىرى ۋە ئارخولوگىيەلىك تېپىلمىلارمۇ بۇ ھەقىقەتنى تەستىقلەيدۇ.»

- «ئۇيغۇرلار، مىلادىدىن ئىلگىرىلا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك مىللىي دۆلەتلىرىگە ئىگە بولغان ئىدى. (ن. يا. بىچورىن)، «ئۇيغۇرلار مىلادىمىزدىن ئىلگەركى ئەسىرلەردىلا مەدەنىيەتنىڭ ژۇقۇرى دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى.» (ۋ. بارتولد). «مىلادىدىن 2000 ژىل ئاۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجات قىلغان مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بار ئىدى.» (يۇسۇپ زىيا شىرۋانى «تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ مەسىلىلىرى» 66 - بەت). «شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن 2000 ژىل بۇرۇنلا تارىخ دەۋرىگە كىرگەن» (تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» ئالمۇتا، 1 - توم، 8 - بەت)، «بىز ئەندى يېۋرازىيەدە ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بارلىقىنى تاپتۇق. ئۇلارنىڭ بىرى - ترانساكسونىيەدە، يەنە بىرى - ئۇيغۇرىيەدە. بۇ مەركەزلەر تاكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلىغان. (ۋ. ۋ. بارتولد)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى كېيىنرەك چىققان - «چىدى» (قىزىل دى)، «بەيدى» (ئاق دى) قەبىلىلىرى دەۋرىدىن باشلاپ ھېساپلىغاندىمۇ 3000 - 4000 ژىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگەركى ئەجداتلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بولسا، يازما مەنبەلەرنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىش كېرەك»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىر نەچچە مىڭلىغان ژىللار داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆيلىگەن خەلقلەر بىلەن، شۇنىڭدەك - خىتايلار بىلەن بىر قاتاردا تەرەققىي ئەتكەن ئىدى.» (ۋ. مورژانوۋ)، «تەبىئىي كۆچمەن بولغان ئۇيغۇرلار، مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا ھەر قانداق تۈركىي قەبىلىلەرگە قارىغاندا، سىۋىلىزاتسىيەلىك ھاياتقا خېلە قابىلىيەتلىك بولۇپ چىقتى.» (ئا. ستەين)، «ئۇيغۇرستاننىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى تەكشۈرگەن ئارخولوگ ۋە مەدەنىيەت تارىخچىسى ستەين، تا ھازىرقى دەۋرگىچە تۇرپان ۋادىسىنىڭ غارلىرىدا ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەتنى يارىتىشتا ۋە تەرەققىي ئەتكۈزۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانلىقىغا قىلچە شۈبھىلەنمىگەن» (ئا. ئى. تىخونوۋ «كوممۇنىزىم توغى» 1986 - ژىل 29 - ئۆكتەبىر)، «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن. قاچانكى، بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، شۇ چاغدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ.» (مورگان).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاقلىق رۇس ئالىمى ئا. ن. بېرنشتام، ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئىشەشلىك تەلەپپۇزدا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرسى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىدە ياشاپ، ئەجايىپ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى يارىتىش بىلەنلا قالماستىن، شەرىقنىڭ ئالامەت چوڭ تارىخىي ۋەقەلىرىگە قاتنىشىپ ئاممۇ، لېنا دەريالىرىنىڭ باشلىرىدىن، دونايىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغىچە بولغان يېۋرازىيەنىڭ كەڭ پەزاسىغا ئۆز نامىنى تاراتقان خەلق»، «شەرىق تارىخى بىلەن ئازىراق بولسىمۇ تونۇش بولغان ھەر كىشى، ئۇ تارىختا قەدىمىي زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مومكىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ نامى - ئۇيغۇرستاندا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى) پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە يوقالماي كەلدى. ئۇيغۇر نامى بىر چاغلاردا خىتاينىڭ سەددىچىن سېپىلىدا ۋە موڭغۇلىيەنىڭ پايانسىز دالالىرىدا ياڭرىغان ئىدى. ئالتاينىڭ ئېتەكلىرىدە ۋە يەتتىسۇنىڭ بويلىرىدا قەدىم زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان. بۇلا ئەمەس، بالقان يېرىم ئارىلى خەلقلىرى بولۇپمۇ، بولغارلارنىڭ تارىخىدا قەدىمىي ئۇيغۇرلار ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغانلىقىنى تارىخچىلار ياخشى بىلىشىدۇ.

ئەگەر كىمدە - كىم دۆلەت ئېرمىتاژىنىڭ: «شەرىق خەلقلىرى بۆلۈمى» دەپ ئاتالغان زاللىرىدا بولغان بولسا، ياكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇزېيلىرىدىكى ئېكسپوناتلار تىزىملىكىنى كۆرسە ياكى ئىلمىي ئەسەرلىرىنى ۋاراقلىسا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت دۇردانىلىرى ئەشۇ مۇزېيلارنى زىننەتلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەسلىكى مومكىن ئەمەس. قىسقىسى، شەرىقنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئالاھىدە ئورۇندا». ئاۋتور ئۆز پىكرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار قەدىمىي خەلقتۇر. ئۇلارنىڭ تارىخىنى نەچچە مىڭ ژىللار قامراپ ئالىدۇ. بۇ خەلق مەركىزىي ئاسىيەدە سىنىپى جەمىيەت ئورنىغاندىن بېرى، شەرىق خەلقلىرى تارتقان جەبرى - جاپالارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن كەچۈردى ۋە ھازىرمۇ كەچۈرىۋاتىدۇ...

ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا ھازىر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكاندا يەنى ئۇيغۇرستاندا ياشاپ، ئۆز قوللىرى بىلەن ھاشامەتلىك، گۈزەل شەھەرلەرنى بىنا قىلغان. ئىمارەتلەر سېلىپ ئۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن نەقىشلىگەن. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قېزىپ، كارىزلارنى ئېچىپ، بىياۋان ئېتىزلىقلارنى كۆكەرتكەن، باغلارنى باراقسانلاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تارىخى - ئەينە شۇ ۋەتىنى بىلەن باغلىنىشلىق.

ئۆتمۈشتە شۇنچە شۆھرەت قازانغان ئۇيغۇر خەلقى، ھازىرقى كۈندە ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۇيغۇرستاندا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قۇللۇق ئازاۋىنى تارتماقتا... ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكىنى يەنى 86 پائىزىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلقى، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىغا ئىگە بولالمايلا قالماستىن، بارلىق ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئۆز ۋەتىنىدە قەدىر - قىممەتسىز خەلققە ئايلاندۇرۇلغان. مەن چىن كۆڭلۈمدىن شۇنى خالايمەنكى، مېنىڭ بۇ قىسسەمنى ئوقۇغان ئۇيغۇر كىتاپخان، مەيلى ئۇ، غۇلجىلىق بولسۇن، ياكى تۇرپانلىق، چۆچەكلىك ياكى ئالمۇتىلىق بولسۇن بۇ قىسسىدە ئۆز خەلقىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشى توغرىلىق ھەقىقەتنى ئوقۇپ، چۈشىنىپ ۋە ھۆرمەتلەپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز خەلقىنىڭ ئىجادىي كۈچىگە تېخىمۇ ئىشەنسۇن ۋە ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىغا قاراپ ئىنتىلسۇن.» («ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىنىڭ قىسسىلىرى» (1951 - ژىل ئۇيغۇرچە نەشرى 4 - 5 - بەتلەر.)

ھۆرمەتلىك ئالىمنىڭ بۇنىڭدىن 50 ژىل بۇرۇن ئېيتقان بۇ سەممىي سۆزلىرى بۈگۈنمۇ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى ئەينە شۇنداق.

ئۇنداق بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ماكانى، ۋەتىنى زادى قەيەردە؟

جاۋابىمىز شۇكى: ئۇيغۇرلار - ئوتتۇرا ئاسىيەدىكى تۈپلۈك ئاھالىلارنىڭ بىرسى. ئۇلار نەچچە مىڭ ژىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ - كاسپىي دېڭىزىغىچە، سىبىر تايگىسىدىن - ھىمالاي تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ دالالاردا كۆچۈپ - قونۇپ ياشىغان ھەتتا، ياۋروپادىكى فىن قولتۇقىدىن تارتىپ - بالقان يېرىم ئارىلىغىچە، رېين دەرياسىدىن - دوناي بويلىرىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان. بىراق، بۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى تارىخ! كېيىنكى زامانىدا تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرى تارايدى يەنى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ماكانىغىلا ئىگە بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ماكانى - ھازىرقى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي - شىمال قىسمىغا جايلاشقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى» دەپ ئاتىلىۋاتقان دىيار يەنى ئۇيغۇرستاندۇر.

«ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپلا تەگرى (تيانشان) تاغلىرى بىلەن قاراقورۇم تاغلىرى ئارىلىقىدىكى تارىم ۋادىسىدا، تەگرى تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىقىدىكى جۇڭغار دالاسىدا، تۇرپان ئويمانلىقىدا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، بالقاش كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا ياشاپ كەلگەن. «ئۇيغۇرستان (شەرقىي تۈركىستان) ئەزەلدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن جايلاردۇر. بۇ ماكاندا 4000 ژىلدىن بېرى ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەنلىكىگە تارىخىي دەلىللەر بار.» (ئەخمەتجان قاسىمىي. تاللانما ئەسەرلەر 86 - بەت).

ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردىلا: چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەتنى ياراتقان. بولۇپمۇ، ئېپەك ئىشلەپ چىقىرىش، ئۇنى چەت ئەللەرگە چىقىرىشتا مەشھۇر بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمىي يونان ۋە رىم ئالىملىرىدىن - كىتسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردە ياشىغان.)، سترابون (مىلادىنىڭ 19 - ژىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.)، پلۇرۇس (مىلادىدىن ئىلگەركى 1 - ئەسىردە ياشىغان.) قاتارلىق ئالىملار، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنى «سېرسلار دۆلىتى» (ئېپەك دۆلىتى) دەپ ئاتاپ، بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي قىياپىتى ۋە ئېگىلىك پائالىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان.

مىلادىنىڭ 2 - ئەسىرىدە ياشىغان يۇنان ئالىمى پتولومېي ھازىرقى تارىم دەرياسىنى «ئۇيغۇردىس دەرياسى» دەپ ئاتاپ «بۇ دەريانىڭ ياقىسىدا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.» دەپ، مەلۇمات بەرگەن. مىلادىنىڭ 1271 - ژىلى ئۇيغۇرستاننى ئارىلاپ ئۆتۈپ، خىتايغىچە بارغان ئىتالىيە ساياھەتچىسى ماركو پولو ئۆزىنىڭ ئۆلمەس خاتىرىلىرىدە: «ئۇيغۇرستان ئەڭ چوڭ ئەل. ئاساسىي شەھىرى قاراقوجۇ دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا كۆپلىگەن شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئاشۇ شەھەرگە بېقىنىدۇ... ئۇيغۇرلار ناھايىتى بىلىملىك. ئۇلار ئولتۇراقلىق ھالدا سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بار.» دەپ يازغان. ئۇ زامانلاردا تۇرپان تېررىتورىيەسى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن - «ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.

ياۋروپا تارىخچىسى پىنكىس بىلەن ياپون تارىخچىسى موريياسۇ ۋە باشقا ئوقۇتۇرلار خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ - «تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۆز دۆلىتىگە ئىگە بولغان خەلق ئۇيغۇرلار ئىدى.» دەپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتىشقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىك ۋ. ۋ. رادلوۋ: - «تيانشان (تەگرى تاغ) چوققىلىرىغا تۇتىشىپ ياتقان يەرلەر، بولۇپمۇ، ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەردە ئەڭ قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان» دەپ خۇلاسە چىقارغان.

بىچورىن بولسا، - «9 - ئەسىردىن بۇرۇنمۇ تارىم ۋادىسىدا ئۇيغۇرلار ياشىغان ئىدى.» دەيدۇ. ژۇقۇرىدىكىلەرگە ئاساسلىنىپ ئا. ئى. تىخونوۋ: «تۇرپاننىڭ مەدەنىيىتى بىلەن كۆپلىگەن رۇس ۋە چەت ئەل شەرىقشۇناسلىرى شۇغۇللاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا، سەنئەتتىكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىنى: ئۇيغۇر ستىلىنى، ئۇيغۇرنىڭ تام سۈرەتلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكەن ئىدى.» دەپ يازدى.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجداتلىرى قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپلا، تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغار دالاسىدا، ئىلى ۋادىسى ھەم تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەنلىكى ئېنىق ھەقىقەت!

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ماكانى - ئۇيغۇرستان - دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز!

چولپان تۇرسۇن.
ئالمۇتا شەھىرى.

ئۆتمۈش سەھىپىلىرىدىن

ئۇيغۇرلار قەدىمىي ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە خەلقتۇر. موشۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار قۇدرەتلىك دولەتلەرنى قۇرۇپ، مىللەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان. بۇ جەرياندا بىزدە، بۈيۈك دولەت ئەرباپلىرى، ئالىملار، خەلق قەھرىمانلىرى، يازغۇچى – شائىرلار قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، بىز ئۇلۇغ نامايەندىلىرىمىز – ئوغۇزخان، ئالىپ ئەرتۇڭاخان، مويۇنچۇرخان، بۇغراخان مىسالى دولەت ئەرباپلىرى، شۇنداقلا مەھمۇد قەشقەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈگنەكىي، لۇتفىي، سەككاكىي، ئەلشىر ناۋائىي قاتارلىق بۈيۈك ئالىم، يازغۇچى – شائىرلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز.

شۇنىڭدەك، ياخشىلىق بار يەردە يامانلىق، گۈل بار يەردە تىكەن بولغىنىدەك، شانلىق تارىخىمىزدا سەلبىي رول ئوينىغان قەبىھ كىمسىلەر غەزەپ – نەپرىتىمىزنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ، ئەينى دەۋرلەردە مىللىي – مۇستەقىل دولەتلىرىمىزنىڭ پارچىلىنىشىغا، مەغلۇپ بولۇپ، مەھكۇملۇققا يۈز تۇتۇشىغا سەۋەپ بولغان خائىن شەخسلەر ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ، كېيىنكى ئەسىرلەردە مىللىي – ئازاتلىق ئىنقىلاۋىمىز ئاقىۋىتىدە بارلىققا كەلگەن ھوكۇمىتىمىزنىڭ بەربات بولۇشىغا تاشقى كۈچلەرنىڭ ئوكتەملىكى ۋە زورۇۋالىق بېسىمى سەۋەپ بولدى دەيدىكەنمىز، ئوزىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، مەھەللىۋازلىق، بولگۈنچىلىك كەبى مىللىي خائىن مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشكە ھەقلىقمىز.

مەن ئۇشبۇ ماقالامدا خەلقىمىزگە ھەم ياش ئەۋلاتلارغا ئىبرەت بولۇشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، تارىخىمىزدىكى پەقەتلا ئەشەددىي خائىن شەخسلەرنىڭ قىياپەت ئوبرىزىنى ئېچىپ كورستىشنى لازىم دەپ، بىلدىم.

تەختكە ئولتارغۇزىدۇ. نەتىجىدە قەشقەردە زور ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. ئالتۇن تارىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئانىسى رابىيەبۇۋى خانىمنى ئولتەرگۈزىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىي پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئوزىنى چەتكە ئېلىپ، ۋېتىم ئوغۇل ئىلتەمۇرنى ئوزىگە ھەمرا قىلىۋالىدۇ. ماۋارا – ئۇننەھر خانى ئىبراھىم ئىل تېكىن ئۇنى سەمەرقەنتتە كوتۇۋالىدۇ. ئارىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە باشقىلار بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، يېتىۋالىدۇ. ئاقىۋەت، ئىسيانچى ئالتۇن تارىم ئوز ھوجرىسىدا ئوغا ئىچىپ، ئولۇۋالىدۇ. مانا بۇ ھادىسە قاراخانلارنىڭ ئىككىگە بولۇنۇپ، پارچىلىنىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى.

ئىبراھىم تابغاچ بىر كۈنى مەھمۇد قەشقەرىينى چاقىرىۋېلىپ: «سەمەرقەنتكە كەلگىنىڭىزگە بىر ۋىل بولدى، كوپ سەرگۈزەشتىلەر چەكتىڭىز... ئوتكەنگە سالاۋات، ماتەم قايغۇسىنى سەۋرىلىك ۋە مۇھەببەت چىرىغى بىلەن يورۇتماقلىق كېرەك. دېمەكچىمەنكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بېشىڭىزنى ئوڭشاپ قويسام، دېگەن ئۇمىتىم بار، – دېگىنىدە، مەھمۇد قەشقەرىي مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئەكس ئەت-

خان بولدى. ئۇ دەۋردە قەشقەر ئەمىرى، يەنى دولەتنىڭ مۇستەھكەملىشىگە زور پائالىيەت كورسەتكەن مىرزا سەئىد مۇھەممەت ھەيدەر دۇغلاتنىڭ ئابرويىدىن ھەسەتخورلۇق قىلغان مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنىڭ ئۈستىدىن پىتنە – ئىغۋا توقۇيدۇ. ھادىسىگە شۇ سەۋەپ بولدىكى، مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات سەئىدخاننى تىبەتكە ۋۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. مىرزا ئەلى تاغاي بولسا سەئىدخاننى يەكەنگە قايتىش مەسلىھىتىنى بېرىدۇ. نەتىجىدە خان كەشمىرنى ئىشغال قىلغان مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر دوغلاتنى تېگىشلىك قۇرال – ياراق، ئەسلىھەلەر بىلەن يەكەنگە قايتۇرۇپ، ئوزى تىبەتكە ئاتلىنىدۇ. سەككىز كۈن ۋۈرۈپ، قاراڭغۇ تاغدىكى كوكتارت داۋانىغا كەلگەندە سەئىدخاننى تۇتەك ئېلىپ كېتىپ، ھالسىزلىنىدۇ. يولنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، مىرزا ئەلى تاغاي ئۇنى «شىبىرغىدا ئېلىپ ماڭغىنى بولمايدۇ» دەپ مۇغەمبەرلىك قىلىپ، ئاتتا ياندايپ يولەپ ئېلىپ ماڭىدۇ. شەھىدۇللاغا ئۇچ پەرسەخ قالغاندا، تۇغلۇق تومۇرخاندىن كېيىنكى كۈچلۈك، سىياسەتۋاز سەئىدخان تىنىقىپ قالىدۇ. ئۇ كەمدە ئۇ 46 ياش ئىدى.

تارىخىمىزدىكى

ئورخۇن ئۇيغۇر دولىتى

7 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار شەرقىي تۇرانلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇردى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەر «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتالدى. ئالىملارنىڭ دەلىلى بويىچە جۇغراپىيە ۋە تارىم ۋادىلىرىنى ئەينە شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر – ئورخۇن قاغانلىقى تېررىتورىيەسىگە كىرگەنلىكى، جۇملىدىن، ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ بىر قىسمى، پەرغانە، قىرغىزىستان، ئىلى ۋادىسى، بالقاش بويلىرىغىچە [illegible] تەكىتلىنىدۇ. ئۇيغۇر – ئورخۇن قاغانلىقى [illegible] جايلاردا ئۇيغۇرلار قوشۇن تۇرغۇزغان.

755 ـ ۋىلى ئەنشىنىڭ شىمالىي چېگرا مۇداپىئەدىكى خىتاي قوشۇنلىرى قوماندانى [illegible] تاڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. [illegible] 50 مىڭ [illegible] 762 ـ ۋىلى تامام باستۇرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ [illegible] 53 مىللىيون [illegible] 36 مىللىيون [illegible] 17 مىللىيون ئادەم قالغان. [illegible]

مەلۇمكى، ئورخۇن – يېنىسەي ۋادىسىدا قارابالغاسۇنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر دولىتى (744 – 840 ـ ۋىللار) [illegible]

ئۇيغۇر قاغانلىقى [illegible]

[illegible]

ھەدىمى ياغما، قارلۇق چىگىل، باسمىل، چۇمۇل، تۇركەش، قىرغىز، سوغدى [illegible] نەتىجىدە يەتتىسۇ، ئىسسىق كول، سىر دەريا، ئامۇ دەريا [illegible] قاراخانلار خانلىقىنى قۇردى.

قاراخان – قەدىمىي ئۇيغۇرچە – بۈيۈك، ئۇلۇغ دېگەن سوز. [illegible] پايتەختى بالاساغۇن، [illegible] قەشقەر شەھرى ئىدى. [illegible]

قاراخانلار خاقانىيە – [illegible]

قاراخانلار سۇلالىسى 9 – ئەسىرنىڭ 30 – ۋىللىرىدىن باشلاپ، مىلادى 1032 – ۋىلى [illegible]

[illegible]

كەن كوزلىرىنى خاقانغا تىكىپ، ھورمەت بىلدۈرۈپ:

– ھېممەتلىرىڭگە كوپ تەشەككۈر ئالىيلىرى، غېرىپلىغىمنى بىلدۈرمەي، ئاتىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىدىلا، بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئولسەممۇ ئۇنتۇمايمەن. لېكىن كەمىنلىرى تېخى نېكاھ ئىشىنى ئويلاشمىدىم. ياخشى نىيەتتە ئېيتقان لەۋزىلىرىنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىم ئۇچۇن ئەيىپلىكمەن، ئەپۇ قىلسىلا تابغاچ قاراخان ئالىيلىرى، – دەپ، ئېتىراز بىلدۈردى.

مەھمۇد قەشقەرىي چەت ئەلدە ئۇزاق ياشاپ، ئوزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان مۇقەددەس كىتاۋى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى 1074 – ۋىلى يېزىپ بولغىنىدا، ئوزىنى گويا چوڭ كۈرەشتە غەلىبە قازانغان سەركەردەك مەغرۇر ھىس قىلغان ئىدى. مەزكۇر كىتاپتىن بىر نۇسخىسىنى خەلىپە قاسىم ھەزرەتلىرىگە تەغدىم قىلغان. مەھمۇد قەشقەرىي ئومۇرىنىڭ ئاخىرىدا كىندىك قېنى توكۇلگەن مۇبارەك يۇرتى ئوپالغا كەلدى. ئوزى سالدۇرغان «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»نىڭ خارابلاشقانلىغىنى كوردى. كېيىن ئەشۇ خارابىلىق ئورنىدا يېڭى مەسچىت قەد كوتەردى. مەدرىسىنىڭ چوڭ ئىشىك باش تەرىپىگە قىزىل سىردا «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» دېگەن ھوسنى خەت يېزىلدى. مەھمۇد قەشقەرىي ياش ئەۋلاتلارنى ئوقۇتۇش دۇنيادا ئەڭ زور ئۇلۇغلۇق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوتتۇزدەك ياش تالىپقا ئىلىم – تەربىيە بەردى، ئوگۈت – نەسىھەتلەر ئىزھار قىلدىكەن: «... دانىشمەنلەر تەكىتلەپ دەيدۇكى، ئېي، ئوغۇل، پەزىلەتلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمگىنى تارقات، ئىلىم – ھېكمەت ئىستە، ئوگەنگىنىڭدىن باش تارتما، غادايما. بىرەر نەرسىنى ئوگەنمەيلا، ئوزىنى بىلىمدان كورسىتىپ، ماختانغان ئادەم سىناقتا ھودۇقۇپ قالىدۇ. بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان...»، – دەپ تەكىتلەيتتى. مەھمۇد قەشقەرىي تالىپلارغا تىل – ئەدەبىيات، تارىختىن دەرس بەردى. ئوزگە پەنلەرنى ھەم بىلىشنى نەسىھەت قىلدى. «شۇنداق قىلغاندىلا ئوزەڭلارمۇ خار بولمايسىلەر، ئىلىمىڭىزمۇ زاۋالىققا يۈزلەنمەيدۇ...»، دېگەن ھېكمەتلەرنى ئېيتقان ئىدى.

ھەزرىتى مەھمۇد قەشقەرىي باغداتتا 30 ۋىل ياشاپ، ئوز يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، سەككىز ۋىل ئومۇر سۈرۈپ، مۇدەررىسلىك قىلىپ، 97 يېشىدا ئالەمدىن ئوتىدۇ. ئاللا ئۇنىڭ روھىنى قۇتلۇق قىلغاي...

سەئىدىيە خانلىغى

مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كوچكەندە بىر قىسىم ئوغۇزلار سەركەرى سالجۇق بەگ رەھبەرلىكىدە سىر دەريا تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار گاھى قاراخانلار، گاھى غەزنەۋىلەر تەۋەلىكىدە بولغان ئىدى. 1040 – ۋىلى غەزنەۋىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، سەلجۇقلار سۇلتانلىغىنى قۇرغان ئىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ دائىرىسى ۋىزانتىيە ۋە ئىراقچە كەڭەيدى. قەشقەر، بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانلار خانى ھەسەن بۇغراخانغا كوز تىكتى. بىراق ھەسەن بۇغراخان سالجۇقلار بىلەن ئۇرۇشىشنى خالىمىدى...

مەھمۇد قەشقەرىي ۋاپات بولۇپ، كوپ ئوتمەي، قىتانلار قاراخانلار يېرىگە ھۇجۇم قىلدى. كېيىن چىڭگىزخان زەربىسىدىن قېچىپ كەلگەن نايمانلارنىڭ قوشۇنلىرى قۇتلۇق يەرنى دەپسەندە قىلدى. نايمانلارنى قوغلاپ، موڭغۇللار قوشۇنى كەلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخان بىلەن سۈلھى تۈزدى. قاراخانلار ئۇيغۇرلىرى نايمانلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، موڭغۇل – ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى قارشى ئالدى. سابىق قاراخانلار سۇلالىسىگە تەۋە يەرلەر «چاغاتاي ئۇلۇسى» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. بىر ئەسىر ئوتكەندە يەكەندە سەئىدىيە خانلىغى بارلىققا كەلدى.

سەئىدىيە ئۇيغۇر دولىتىنىڭ تۇنجا سۇلتانى سەئىد-

مىرزا ئەلى تاغاي ئوردىدا قالغان ئابدۇرىشتخانغا موئۇ تەرىقىدە ئويدۇرما ۋەسىيەتنامە يازىدۇ: «... كەپنىڭ پوسكاللىسى، مەن تىبەتكە بېرىپ، غازات قىلىش نىيىتە ئەمەس ئىدىم. ماڭا مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بىلەن مىرزا ئەلى سەئىد كوكۇلداش سايە قىلدى.

– سىز، ئوغلۇم ئابدۇرىشت خانغا ۋەسىيەت قىلۇرمەنكى، ئۇل مەلئۇنلارنى قاتتىق جازالىمىسىڭىز رازى ئەمەسمەن. گەرچە ئۇلار ھايات ئىكەن، سىز سەئىدىيە سەلتەنەتنىڭ مەڭگۇ تەخت ساھىبى بولالمايسىز!..«ئىسلام شەرىئىتىنى رىۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن ھېمىشەم مەشغۇل بولغايسىز! ھىجرىيەنىڭ 939 – سەنەبىي ماھى زۇلھەججىنىڭ ئون ئالتىسى نامە تامام. بىن سۇلتان ئەخمەتخان مورەمنى باستىم».

ئوردىدا ئابدۇرىشتخاننىڭ رەھنامىسى ھەم سەئىدىيە قوشۇنىنىڭ ئەمىر كىبىرى بولۇش تاماسىدىكى، يەنى ھىيلىگەرلىكتە «شەيتانلارنىڭ ئانىسى» دېگەن نام ئالغان مىرزا ئەلى تاغاي شۇم پەيلىدىن ئابدۇرىشتخان بېگۇنا، بىئىللەت ئەرباپلارنى «دەررۇ ياساققا يەتكۇزۇپ، كاللىسى ئېلىنسۇن! ئۇلارنىڭ خانۇ – مالى مۇسادىرە قىلىنسۇن!» دەپ پەرمان بېرىدۇ. («بۇلاق» ژۇرنالى. 2000 – ۋىل، 1 – سان، 50 – 51 – بەتلەر).

ئاپپاق غوجا ئەجداتى مەغزۇم ئەزەم 16 – ئەسىردە ئوزىنى «ھەپتە مۇھەممەدان» (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يەتتىنچى ئەۋرىسى) دەپ مەغزۇم ئەزەم ھىندىستان ئارقىلىق يەكەنگە كېلىپ، سوپىلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. «دىنى ئىشلار ھوقۇقى پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ» دەپ، پەتۋا چىقىرىدۇ. ھەتتا مۇرتلىققا 1534 – ۋىلى ئابدۇرىشتخاننىمۇ تارتىدۇ. ئۇلار خەلق مەشرەپلىرىنى «شەيتان سورۇنلىرى»،خەلق نەغمىلىرىنى«شەرىمسار»، ئۇسسۇلچىلارنى «شەرمەندە» دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئابدۇرىشتخاننىڭ ئايالى، مەشھۇر مۇقامچى، نازىمە ئامانىساخان ھەم «شەرمەندە شەرىمسار»دېگەن بەدنام بىلەن ھاقارەتلەنگەن. ئوردىدىكى قىدىرخان يەكەندى، غازى ھېبىبۇللا ۋە مىرزا مۇھەممەت دۇغلات قاتارلىق 9 كىشىنى «مۇرتەد» دەپ، ئوردىدىن چەتلەشتۇرگەن.

ئىلگىرى مىرزا ئەلى تاغاي جاسۇسلىغى تۇپەيلى، ئالجىزلاشقان، يەنى 1514 – 1679 – ۋىلغىچە داۋام قىلغان ئاخىرقى سەئىدىيە خانى ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا ئاپپاق غوجا 1678 – ۋىلى ئوزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، تەختكە چىقىدۇ.

ئاپپاق غوجا

1644 – ۋىلى ئاپپاق غوجا ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ ئولگەندىن كېيىن ئوزىنى «پىر» دەپ ئېلان قىلىپ، ئىشقىيە سۇلۇك مۇرىتلىرىغا باشچىلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالىدۇ. بۇ كەمدە قەشقەرىيەدە «ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە»چىلەر ئارىسىدا زىددىيەت ئوۋج ئالغان ئىدى. يەنى مەغزۇم ئەزەم ئولگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى – غوجا ئىسھاق ۋەلى بىلەن غوجا مۇھەممەت ئىمىن كالانلار ئوتتۇرىسىدا ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلغان سۇپىزمنى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۇچۇن كەڭ ئۈردە مۇرىت توپلاشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سانى 30 مىڭغا يېتىدۇ. سەئىدىيە دولىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىسمايىل خاندىن ئۇ ئوز مۇرىتلىرىدىن سىيلىق ئالماسلىقنى تەلەپ قىلغاندا، مەسىلىگە سەل قارىغان خان ماقۇل بولىدۇ. بۇ ھال ئاپپاق غوجا مۇرىتلىرىنىڭ كوپىيىشكە سەۋەپ بولغان ئىدى. 1766 – ۋىللىرى«ئىشقىيە» ۋە «ئىسھاقىيە» سوپىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇشلار يۈز بېرىدۇ. ئاپپاق غوجا مۇرىتلىرىنىڭ بەلگۇسى – ئاق تەقىيە، ئەبەيدۇللا مۇرىتلىرىنىڭ بەلگۇسى – قارا تەقىيە (دوپپا، ياكى تۇماق) كىيىدۇ. تۇرپاندىن قەشقەرغىچە ئارىلىق ئاپپاق غوجىغا، يەكەنت، قاغىلىق ۋە خوتەن تەۋەلىرى ئەبەيدۇللىغا قاراشلىق بولىدۇ. ئەينە شۇ چاغدا ئاق تەقىيەلىك، قارا تەقىيەلىك بارا – بارا «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» بولۇپ،

ئاتىلىپ كەتكەن. ئارىدىكى كۈرەش ئىسمايىل خانىنىڭ دولەت مۇستەھكەملىكىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. چۈنكى، ئىسمايىل خان 17 - ئەسىر باشلىرىدا جوڭغارلار خانى ئالتاي، قۇمۇل، ئۈرۈمچىلەرنى بېسىپ ئالغاشقا، ئەشۇ جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىغىدا ئىدى. نەتىجىدە ئاپپاق غوجا قىلمىشى تۈپەيلى، قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەن، ئۇ شېرىكلىرى بىلەن قوغلاندىلىق سەرگۈزەشتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، سىرىق قىزىل (تاشقۇرغان)دىكى مىڭ تېكە ۋە كوكتارت داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاۋغانستانغا، ئاندىن بەدەخشانغا بارىدۇ. ئۇ جايدىن پەرغانە، كاسان قاتارلىق يەرلەرنى كېزىپ، ئىلى تەۋەسىگە كەلگىنىدە، دالاي لامىنى تاۋاپ قىلغۇچى تورغاۋۇتلارغا قوشۇلۇپ، 1677 - ژىلى تىبەتكە كىلىدۇ. تىبەتتە ئۇ بۇتقا باش ئىگىپ ئىبادەت قىلىدۇ. لامانىڭ پەشلىرىنى سويۈپ، ئىتەكلىرىگە تاۋاپ قىلىپ، ژىغلاپ، ئىشەنچ قازىنىپ، ئىسمايىل خان ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇشقا قۇراللىق ياردەم سورايدۇ. «تارىخىي نادىرىيە»دە يېزىلىشچە، «بۇ ياخشى ئادەم ئىكەن» دېگەن پىكىرگە كەلگەن دالاي لاما ئىلىدىكى قالـ

ۋە خان غوجىلار ئىلكىدىكى ئون مىڭ لەشكەر بىلەن قاتتىق قارشىلىق كورسىتىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، ئىختىيارىدىكى ئاقسۇ، ئۈچ تۇرپان ۋە قىرغىز بەگلىرى دۈشمەنىنىڭ قۇرال كۈچىدىن ئەنسىرەپ، جەڭ مەيدانىدىن ئۆزلىرىنى تارتتى. ئەڭ خەتەرلىكى شۇ بولدىكى، تۇرپان ھاكىمى ئىسمن غوجا (ۋاڭ) ۋە قاراشەھەر ھاكىمى كايدامەتلەر ئۇ كەمدە دۈشمەن بىلەن ئاشكارە ھالدا، تىل بىرىكتۈرگەن بولسا، ئاقسۇ ھاكىمى ساتۋالدى ۋە ئۈچتۇرپان ھاكىمى غوجاس بەگلەر پىنھان ھالدا، تىل بىرىكتۈرگەن ئىكەن. مانا بۇ خىل ئاغمىچىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاسان مەغلۇپ بولۇشقا ئېلىپ كەلدى. 1758 - ژىلى ئوكتەبىردە مانجۇر - خىتاي باسقۇنچىلىرى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان شەھەرلىرىنى ئۇرۇشماي تۇرۇپ، ئىشغال قىلدى. ئامما، غوجا بۇرھاندىن قەشقەردە ۋە خان غوجا يەكەنتە، ئابدۇكېرىم بەگ خوتەندە ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قەتئىي مۇداپىيە چارىلىرىنى كوردى. ئەپسۇس، بىر تەرەپتىن جاۋخۇي، ئىككىنچى تەرەپتىن فودىلەر سانسىز قوشۇنى بىلەن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى.

[illegible]

[illegible]

سەلبىي شەخسلەر

[illegible]

ئىسمن غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى

1720 - ژىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى جوڭغارلارنىڭ سەردارى سىۋان ئاراپتانغا جازا ژۈرۈشنى قىلىدۇ. چىڭ قوشۇنى لوكچۇنگە كەلگەندە، ئىسمن غوجا جوڭغارلار ھوكۇمرانلىغىدىن ئۆز ئۆرۈپ چىڭ سۇلالىسىغا بەيئەت قىلىدۇ. بۇ ھال سىۋان ئاراپتاننىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ. 1731 - ژىلى جوڭغارلار ئۇنىڭغا قارشى چېرىك ئەۋەتكەندە، ئىسمن غوجا شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، قاتتىق قارشىلىق كورسىتىدۇ. ئاندىن چىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جوڭغارلارنى چېكىندۈرىدۇ. بىراق، جوڭغارلار كۆچەپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، غەلىبە قازانغاندا، ئىسمن غوجا چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى بىلەن چېكىنىپ، گەنسۇنىڭ ئەنشى تەۋەسىگە كوچۇپ كېتىدۇ. شۇ جايدا ئۆزىنىڭ 10 مىڭلىغان پۇخراسى بىلەن دېخانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

1755 - ژىللىرى چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلۇڭ جوڭغارلار قەبىلىسىنىڭ باشلىغى داۋاچىغا قارشى ژۈرۈش قىلغاندا، ئىسمن غوجا 300 قۇراللىق كۈچى بىلەن جوڭغارلارغا قارشى ئاتلىنىپ چوڭ خىزمەت كورسىتىدۇ ۋە تۇرپاندا گوگلۇق مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. داۋاچى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ئامۇرسىنا قوزغىلىدۇ. ئۇنىڭغا تۇرپاندىكى مەگلىكمۇ ياندىشىپ، ئىسمن غوجىنى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى چىقىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىسمن غوجا مەگلىككە قارشى چىقىدۇ ۋە ئوغلى سۇلايماننى قۇمۇلغا، يەنى چىڭ قوشۇنىدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتىپ، مەگلىكنى يېڭىدۇ. ئىسمن غوجىنىڭ مەرتىۋىسى ئىككى دەرىجە كوتىرىلىپ، بېزى دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولىدۇ.

1757 - ژىلى ۋەتىنىمىزدە چىڭ سۇلالىسى تەجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئاكا - ئۇكا بۇرھاندىن بىلەن جاھان غوجىلار قوزغالدى. ئىلىدا تۇرغان غوجا جاھان بۇ كەمدە ئامۇرسىنا بىلەن بىرلىشىدۇ. لېكىن، ئامۇرسىنا بىلەن كېلىشەلمەيدۇ،ئالتە شەھەرگە بېرىپ، ئاكىسى بۇرھاندىن بىلەن بىرلىكتە چىڭ قوشۇنىغا قارشى ئاتلاندى. چىڭ سۇلالە خانى چيەنلۇڭ 1758 - ژىلى ئۇلارغا قارشى ئىسمن غوجا بىلەن قۇمۇل بېزىسى يۈسۈپلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بۇ جاۋاپكەرلىكنى جازالاش سانغۇنى يارخاشەنگە تاپشۇردى. ئىسمن غوجا ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى ئامبال، يۈسۈپ ئاغلاتچى ئامبال بولۇپ، ھەربىي ژۈرۈشكە كىرىشتى. قوشۇمچە ئاقسۇ، كۇچار قاتارلىق ئۇيغۇرلار باشلىغى سىتىۋالدى ۋە ھادىلارنى ھەم يانغا تارتتى. نەتىجىدە ئۆز كوشنى ئۆز يېغىدا قورۇش غەرىزى چىڭ سۇلالە خانىغا زور ئىمكانىيەت بەردى. بولۇپمۇ، 5 مىڭ قوزغىلاڭچىغا ئىگە ئاكا - ئۇكا غوجىلار كۆچارنى قايتا ئىگىلىگەندە، بوشاڭلىق قىلغان يارخەشەنى جازالاپ، ئورنىغا جاۋخەينى ئەۋەتتى. ئۇرۇشتا سەپ ئالدىدا چيەنلۇڭغا ساداقەتلىك كورسىتىپ، جاراھەتلەنگەن ئىسمن غوجىنىڭ دەرىجىسى بېزىلىقتىن ئۇستۈرۈلۈپ، بېيلىق مەرتىۋىسىگە كوتىرىلىدۇ. خۇلاسە، چوڭ - كىچىك غوجىلار ئاقىۋەت چېكىنىپ، بەدەخشانغا قاچتى. بەدەخشاننىڭ سەردارى غوجا جاھاننى ئولتۈرۈپ،كاللىسىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

چيەنلۇڭ خان ھەم جوڭغار، ھەم چوڭ - كىچىك غوجىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇيغۇرىيەنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن ئىلى كورەدە جياڭجۈن ئوردىسىنى تەسىس قىلىدۇ. يەكەنگە ئىسمن غوجىنى ئىنئانچىخان قىلىپ تايىنلىدى، قۇمۇللۇق يۈسۈپنى قەشقەرگە تايىنلىدى. 1763 - ژىلى ئىسمن غوجا يۇرتى تۇرپانغا قايتۇرۇلدى.

ئىسمن غوجا ئىككى نوۋەت بېجىنغا - چيەنلۇڭ خانغا چوڭ سوغا - سالام بىلەن بېرىپ، كورۇشتى. ئىككىنچى نوۋەتتە ئۇ بېجىندا 5 ژىل تۇرۇپ قايتتى. ئىسمن غوجا جەمى 7 پەرزەنت كورگەن. چوڭ ئوغلى سۇلايمانغا بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

تان، داۋاچى، ئامۇرسىنا، مەگلىك ۋە بۇرھانىدىن ۋە غوجا جاھان قاتارلىقلارنىڭ بولگۇنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئەمەلىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى. ئۇنىڭ ھاياتى بولگۇنچىلىككە قارشى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان ھايات دېسەك، قىلچە مۇبالىغە بولمايدۇ»، - دەپ مەدھىيلەيدۇ. ئەپسۇس، ۋەتەن ئەزىلىدە بىزنىڭ بولسۇنۇ، تاجاۋۇزلۇق، بۇلاڭچىلىق تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ بولۇپ قالغىنىغا، ئۆز ئىلى،ئۆز ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلغانلارنىڭ ئەزىز بولغىنىغا مۇئەييەن ھەقىقىي تارىخ ۋە ئادالەت نېمە دەيدىكىن ؟

چىن ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسىي مەخسىتى - ئۇيغۇر دولىتىنى، جۇملىدىن، جوڭغار خانلىغىنى تار - مار قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيەنى ئىشغال قىلماقچى ئىكەن. بىراق، ۋەتىنىمىزدە باسقۇنچىلارغا قارشى كۈچلۈك قارشىلىقلار تۈپەيلى، چىن قوشۇنلىرى ئېرىغا ژۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان ئىدى.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇمۇمىي يۈزلۈك ۋەتەن ئۇرۇشى خان غوجىنىڭ قىزى ئىپارخانغا ۋە ئۇنىڭ يولدىشى يەھيا غوجىلارغا تەسىر قىلغاشقا، ئۇلارمۇ جەڭ مەيدانىغا مەردانىلارچە ئاتلانغان ئىدى. 1757 - ژىلدىكى جەڭدە يەھيا غوجا شېھىت بولىدۇ. ئىپارخان كوپ ئوتمەي، ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇ كەمدە ئىپارخانىنىڭ دادىسى يارىدار بولۇپ، ئەنجانغا بېرىپ، ۋاپات بولىدۇ. گېنېرال جاۋخوي 7 تونىنا قاش تېشىغا قوشۇپ، ئىپارخانىنى بېجىن خانىغا سوغا قىلىدۇ. خانىغا خوتۇن بولۇشنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شەنىگە، بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ ئاياللىق غورۇرىغا ھاقارەت دەپ بىلگەن ئىپارخان ئاخىر ئۆزىنى قۇرۋان قىلىپ، 21 يېشىدا دۇنيادىن پاك ۋە مەردانىلارچە ئوتىدۇ.

ئىپارخان ھەققىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىزدىنىپ، تەھلىل قىلىنغان ماقالىلاردا تەپسىلىي ئىزاھ بېرىلگەن.

ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى

1755 - 1759 - ژىللىرى چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرستاننى پۈتۈنلەي بېسىۋالغاندىن كېيىن ئەلدە قاتتىق قوللۇق سىياسەت ژۈرگۈزدى: مانجۇر ئاق سۆيەك ئەمەلدارلىرى، يەرلىك فېوداللار ھەم دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپلىمە بىرلەشمە ھوكۇمرانلىق ئورنىتىلدى: خەلق سىياسىي، ئىختىسادىي جەھەتتىن زىيادە ئىزىلدى. قۇمۇل ۋاڭلىرى قوللىنىپ كەلگەن دارخانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېخانلار ئالتە كۈن ۋاڭ، كۈڭ ۋە بەگلەرگە، بىر كۈن ئۆزلىرىگە ئىشلەپ، ئەبجىغى چىقتى.ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سېپىل سوقۇش، ئامبالغا ئىشخانە سېلىش، بۇتخانە سېلىش قاتارلىق ئالۋانلار تۈرى 65 كە يەتكەن ئىدى. يەرلىك خەلقنى خالىغىنىچە بۇلاش - تالاش سىرتىدا قىز - ئاياللارنى دەپسەندە قىلىشقا كىرىشتى.

خىتاي تارىخچىسىنىڭ يېزىشىچە، دەيدۇ تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزاتى ۋ. س. كۇزنىتسوۋ:« ئۈچتۇرپان ئامبالى سۇ چېڭنىڭ ئىدارىسىگە ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن ئاياللىرىنى ئىلىپ كېلەتتى. سۇ چېڭ خىزمەتچىلىرىگە ئۇلارنى يېشىنتۇرۇشقا ھەم ئۆزىنىڭ ئىشتىراكىدا نوۋەتلىشىپ زورلۇق قىلىشقا بۇيرۇق قىلاتتى».

1765 - ژىلى كونا ژىلنامە بويىچە 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چەكسىز زۇلۇمغا قارشى ئاكا - ئۇكا رەخمىتۇللا ۋە ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ باشچىلىغىدا ئۈچتۇرپاندا دېخانلار قوزغىلىڭى باشلىنىدۇ. چۈنكى شۇ ژىلى ئۈچتۇرپان ئامبالى سۇ چېڭ خانىنىڭ جىگدە كوچىتىنى يوتكەش يارلىغى بويىچە يۈز ساندۇقتا جىگدە كوچىتى قاچىلىنىپ، 240 ھاشارچىغا كوتەرگۈزۈپ، كىچىك بەگ ئەسمىتۇللا باشچىلىغى ۋە چېرىك نازارىتىدە بېجىنغا ئىلىپ بېرىش مەجبۇر قىلىنغان ئىكەن. بىر ھاشارچى يولدا ھالىدىن كېتىپ ژىقىلغاندا، بىر چېرىك ئۇنى ئۇرۇپ، ئولتىرىپ قويىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق، ئوكتەملىككە غەزەپلەنگەن رەخمىتۇللا: «جىگدىنى تاشلاپ، چېرىكلەرنى

[illegible]

مەغلۇپ بولىدۇ. قەھرىمان يەتتە نەپەر قىز - ئاياللار «... بۇ ئېچىسلارنىڭ قولىدا خار بولغىچە» دەپ، تاغنىڭ ئېگىز چوققىسىدىن بىردىن كېيىن بىرى ئۆزلىرىنى يارغا تاشلاپ، مەردانىلارچە قۇرۋان بولىدۇ...

چىڭ ئىمپېراتورى: «... 13 ياشتىن ژۇقىرى بارلىق ئەرلەر ئولتۈرۈلسۇن!.. ئۈچتۇرپان يەر بىلەن يەكسان قىلىنسۇن» دەپ، يارلىق ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ كەمدە ئۈچتۇرپاندىكى 20 مىڭدىن ئوشۇق ئادەمدىن تولىسى ئولتۈرۈلۈپ، ئاز قىسمى پالانغان.

جاھانگىر غوجا

1759 - ژىلى چوڭ - كىچىك غوجىلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن بۇرھاندىن غوجىنىڭ ئوغلى ساماق قوقەنت ۋە بۇخارالاردا قوزغىلىش تەييارلىغىدا بولدى. 1784 - ژىلى قەشقەر بەگلىرى بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىسيانغا تەييارلاندى. 1797 - ژىلى ساماقنىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ قەشقەرگە ئاتلانغان بولسىمۇ، بىراق نىيىتىگە يېتەلمىدى. يۈسۈپنىڭ ئىككى ئىنىسى بولۇپ، بىرى جاھانگىر غوجا، يەنە بىرى باھاۋدىن غوجا ئىدى. جاھانگىر غوجا قوقەنت خانى مەدەلىخانىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، 300 دىن ئوشۇق ئادەم بىلەن قەشقەرگە ژۈرۈش قىلىپ،چېكىنىپ چىقىدۇ. ئىككىنچى قېتىم ئۇ، يەنى 1824 - ژىلى 9 - ئايدا 200 دىن كوپرەك ئادەم بىلەن ئالاي تېغىدىن كىرىپ،تۈندە قورۇلغا ھۇجۇم قىلىدىيۇ، يەنە چېكىنىدۇ. 1826 - ژىلى 18 - ئىيۇلدا ئۇ مەدەلىخاندىن ياردەم ئېلىپ، ئەنجانلىق ۋە بۇرۇتلاردىن تەركىپ تاپقان 500 ئادەمى بىلەن ئاتۇشقا كېلىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئاندىن خەلققە: «ھەممە مانجۇر - خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشكە!»، دەپ مۇراجەت قىلىدۇ ۋە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرلارنى قوزغاپ، يېرىمىنى قەشقەرگە، يېرىمىنى يەكەنتكە ئاتلاندۇرىدۇ. شۇ كەمدە جاھانگىر غوجىنىڭ تەلۋى بىلەن قوقەنت خانى ئون مىڭغا يېقىن ئادىمىنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. 26 - سېنتەبىردە جاھانگىر غوجا قەشقەر كونا شەھەرنى، ئاندىن يېڭى شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەكەنت، خوتەن شەھەرلىرىنىمۇ ئازات قىلىدۇ.

ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭ ھەر قايسى ئولكىلەردىن چېرىك توپلاپ، 36 مىڭ قوشۇن بىلەن ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. ئاقسۇدا ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرى قاتتىق سوقۇشىدۇ. 1827- ژىلى مارتتا چىڭ چېرىكلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھانگىر غوجىنى چېكىندۈرىدۇ. شۇ ژىلى 11 - ئاپرېلدا چىڭ قوشۇنلىرى يەكەنتنى، 24 - ئاپرېلدا خوتەننى بېسىۋالىدۇ. چېكىنىپ ژۈرۈپ جاھانگىر غوجا 1828 - ژىلىنىڭ باشلىرىدا خىتايلارنىڭ چىلغان بايرىمىدىن پايدىلىنىپ، 500 نەپەر لەشكىرى بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قايتىدىن ئاتۇشقا كىرگەن بىلەن، يەنە چېكىنىپ، چىقىپ كېتىدۇ. ئاخىر، جاھانگىر غوجا دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قوراللىق كۈچى ۋە ئايرىم يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تەركىپ تاپقان ئوترەدنىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلى،چېكىنىپ،قوقەنت خانىدىن ياردەم كوتۈۋاتقاندا، مۇھەممەت دېگەن خائىن ئۆزىنىڭ ئەلدەملىرى بىلەن ئۇنىڭ قول- ئايىغىنى باغلاپ،چىڭ قوشۇنىغا تۇتۇپ بېرىدۇ.1828- ژىلى جاھانگىر غوجىنى قەپەزگە سولاپ، بېجىنغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى چاناپ، ئولتۈرىدۇ. جەسىدى ئىتلارغا تاشلىنىپ بېرىلىدۇ. مۇھەممەت خائىننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن چىڭ ھوكۇمىتى ئۇنى خوتەنگە بەگ قىلىپ تايىنلايدۇ.

چىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرىيەنى بېسىۋالغاندىن كېيىن يەرلىك خەلقنى قىرغىنغا ئۇتتۇش ۋە پالاش ئىشلىرىنى قاتتىق ژۈرگۈزدى. ئەينە شۇ دەۋىردە مىڭلىغان ئەرلەر ۋە ئاياللار ئىلىغا كوچىرىلدى. ئازۇكۇم شۇلار قاتارىدا ئىلىغا پالانغان ئىدى...

مەسۇمجان زۇلپىقار،
يازغۇچى.
داۋامى بار.

1755 - 1758 - يىللىردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىن ئىمپېرىيەسىگە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ۋەتەن ئۇرۇشى

[illegible]

باشقا نەشرلەر سەھىپىلىرىدىن

مەدەنىي مىراسلىرىمىز

فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن دەسلەپكى ئۇچۇر

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرىغىچە چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ئۇيغۇرستاندا، جۈملىدىن تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا قېزىش ئېلىپ باردى. ئۇلار بۇ جايلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈرك، مانى، براھما، سۇرىيە، سوغدى، سانسكرىت، تىبەت، ساك، خەنزۇ ۋە قىسمەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ـ چاغاتاي يېزىقلىرىدا يېزىلغان بىر تونۇر كۆپ ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنى تاپتى، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇلار ھازىر موسكۋا، سانكت ـ پېتېربۇرگ، لوندون، بېرلىن، توكيو، سېئۇل، خېلسىنكى، ستوكگولم، يېڭى دېھلى، كالكۇتتا، ئىستانبۇل، ئەنقەرە ۋە پارىژ قاتارلىق جايلاردا ساقلانماقتا. چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللىقى جەھەتتە فرانسىيەدىكى ئالدىنقى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان چەت ئەل ئالىملىرى بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىز ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ سانلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ يادىكارلىقلار ۋە ئۇلار ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا ئۇقۇشماسلىقتىن بەزى ناتوغرا يەكۈنلەر چىقىرىلىپ قېلىشتەك قىيىنچىلىقلار كېلىپ چىقتى. موشۇ خىلدىكى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ياردىمى بولۇپ قىلىشنى، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئوقۇرمەنلەرنى قىسمەن بولسىمۇ خەۋەردار قىلىپ قويۇش ئۈمىدىدە فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

1. پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئاساسەن پارىژدىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر بۆلۈمى بىلەن دۆلەت گۈيمەت ئاسىيا گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا فرانسىيە ئاسىياشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدىمۇ بىر پارچە يازما يادىكارلىق ساقلانماقتا.

فرانسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئاساسەن فرانسىيەلىك پائۇل پېللىئوت (1874 ـ 1945) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئوترىدى (1906 ـ 1909 ـ يىللىرى) تەرىپىدىن ئۇيغۇرلار دىيارىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.

پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان (دۇنخۇاڭ) ھۆججەتلەر ئىچىدە خىتايچە 3216 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە 405 پارچە، چاغاتايچە 60 پارچە، سوغدىچە 78 پارچە، سانسكرىتچە 643 پارچە، توخارچە 8 يېزىقتىكى ھۆججەتتىن 527 پارچە، قەدىمكى خوتەن ساك يېزىقىدىكى ھۆججەتتىن 66 پارچە، كىدان يېزىقىدىكىسىدىن 55 پارچە (398 پارچە فوتو سۈرەت) يازما يادىكارلىق بار.

2. فرانسىيە ئاسىياشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق (ھۆججەت) لىرىدىن:

قەدىمكى تۈرك، سوغدى، خەنزۇ ئۈچ تىلدا پۈتۈلگەن «توققۇز ئۇيغۇر خاقان ئابىدىسى»نىڭ پارچىسى ھازىر فرانسىيە ئاسىيەشۇناسلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئابىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا، سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان قىسىملىرى نىسبەتەن ئېغىر ۋەيران بولغان. بۇ تاش ئابىدىنى روسسىيەلىك ئارخېئولوگ يادرىنسېۋ يېتەكچىلىكىدىكى تەكشۈرۈش ئوترىدى 1889 ـ يىلى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق (ھازىرقى قارا بالاساغۇن) دىن تاپقاندى. بۇ ئابىدە شەرقىي ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانى بويى قاغان (مىلادى 808-821) دەۋرىدە ئورنىتىلغان. 1890-يىلى يەنە ئەشۇ تاش ئابىدە تېپىلغان جايدىن شۇ ئابىدىنىڭ قالدۇقلىرىدىن 12 پارچىسى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىسبەتەن چوڭراقلىرىدىن ئۈچ پارچە بار. ھازىرغا قەدەر بۇ ئابىدىنىڭ روسسىيەدىن قانداق قىلىپ پارىژغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان كىشى يوق. بۇ ئابىدىدىكى (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى) قەدىمكى تۈرك ۋە سوغدى ـ يېزىقلىرى ئۈستىدە ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ رادلوۋ، ت. خانېدا، مۇللېر، ئۇ. خ. ئانسىن، ج. خامىلتون ۋە ي. يوسىدالار تەتقىقات ئېلىپ باردى.

ئىدىقۇت (گائوچاڭ) خارابىلىقى

3. پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىق (ھۆججەتلىرىمىز)

پارىژدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلاردىن تەخمىنەن 408 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسىنى پېللىئوت دۇنخۇاڭ رايونىدىكى موگاۋ غارلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىققا ئائىت ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلار تۆرت تۈپكە بۆلىنىپ سان قويۇلغان.

فرانسىيە دۆلەت گۈيمەت ئاسىيا گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمە ھالى» ناملىق زور ھەجىملىك نادىر ئەسەرنىڭ 100 ياپراق (200 بەت) دىن كۆپرەك قىسمى ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئىچىدە ۋەيران بولغان ياپراقلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ بەت سانى جەھەتتە جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئالىمى فىڭ جىياشىڭ ئەپەندى 1951 ـ يىلى رەتلەپ ئېلان قىلغان، ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»نىڭ ئوخشاش بولمىغان ياكى باشقا جىلد ۋە بۆلۈملىرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ پېتېربۇرگتا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ بەزى قىسىملىرىمۇ بولۇپ، ھەجىم ۋە بەت سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تۈركشۇناس تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى. يەنە تۈركىيەدىمۇ بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرىقىلارغا ئوخشايدىغان بىر قىسىم جىلد ۋە بۆلۈملىرىنىڭ پارچىسى ساقلانماقتا. بۇ سان ۋە ھەجىم جەھەتتىن تۆرتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1992 ـ يىلى گېرمانىيەلىك مەشھۇر تۈركشۇناس كلوس روھربورن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمە ھالى»نىڭ ھازىر پارىژ ۋە بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرىدىن 7 ـ جىلدىنى تەتقىق قىلىپ نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى.

پارىژ دۆلەت ئاسىيا گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «كۇئانشىم پۇسار»، «سەككىز يۈكمەك» قاتارلىق بىر قانچە يازما يادىكارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى «كۇئانشىم پۇسار» ناملىق ھۆججەت (ئەسەر) نى ياپونىيەلىك ئالىم بەيچى كاگى ئەپەندى ئېلان قىلدى.

4. فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان چاغاتايچە يادىكارلىقلىرىمىز

فرانسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە خېلە كۆپ ساندا چاغاتايچە قول يازمىلار ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يۇرتىمىزدىن ۋە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ئاز دېگەندە 10 پارچىدەك ئەسەر دىيارىمىزدا يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. پېللىئوت ئەپەندى توپلىغان چاغاتايچە ئەسەرلەر ئىچىدە بىر پارچە قول يازما ـ تارىخچى، شائىر مۇللا مۇسا سايرامى (1836-1917) نىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» ناملىق ئەسەرىنىڭ قول يازمىسى ۋە «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا» ناملىق تاش باسما ئەسەر 27 بەتلىك، خېلە ياخشى ساقلانغان. يەنە بىر چاغاتايچە ئەسەرنىڭ ئۆزى «تەزكىرەئى ئىرشاد» ناملىق بىردىن بىر نۇسخىدۇر.

فرانسىيە فرانسۇز ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدىمۇ چاغاتايچە قول يازمىلار ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇلارنى دۇترېيىل دېرىنس ۋە ف. گرىنارلار 1893 ـ يىلى ئۇيغۇرلار دىيارىدىن قولغا چۈشەرگەن. مەزكۇر كۇتۇپخانىنىڭ كاتالوگىغا ئاساسلانغاندا، بۇ كۇتۇپخانىدا چاغاتايچە يازما يادىكارلىقتىن 62 پارچە بارلىقى مەلۇم، ئەمەلىيەتتە بولسا 56 پارچە ساقلانماقتا. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پارچىسى قوللانما (رىسالە) شەكلىدە بىر قىلىپ تۈپلەنگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار تەكرارلانغان نۇسخىلار بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە 2 ـ 3354 م س نومۇرلۇق «پالنامە» كىتابىمۇ بار.

5. فرانسىيە دۆلەت ئاسىيا گۈزەل سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى

1906 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن كۈنى فرانسىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى پېللىئوت ئۇزىنىڭ ئىككى ھەمراھى بىلەن بىرگە پويىزغا ئولتۇرۇپ پارىژدىن موسكۋا ئارقىلىق تاشكەنتكە كېلىدۇ. ئۇ، بۇ يەردە ئېغىر يۈك ـ تاقىملىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالىدۇ. پېللىئوت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رۇس تىلىنى پىششىقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەردە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى ئۆگىنىدۇ. شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇمشۇق ئارقىلىق قەشقەرگە كىرىدۇ. ئۇ قەشقەردە ئۆز پائالىيىتى توغرىسىدىكى رەسمىيەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ، يەكەندىن كۇچارغا كېلىدۇ. كۇچاردا قىزىل مىڭ ئۆي قاتارلىق بۇددا دىنى غارلىرىدا سەككىز ئاي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئاندىن تۇرپانغا كېلىپ تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، 1900 ـ يىللىرى بېيجىڭدا تۇرغان چاغدا تونۇشۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىگە سۈرگۈن قىلىنغان بېيجىڭلىق كونا تونۇشىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن دۇنخۇاڭدا بىر مەخپىي قەدىمكى كىتابلار ئامبىرى بارلىقىنى ئاڭلايدۇ. 1908 ـ يىلى مارتتا دۇنخۇاڭغا بېرىپ ئۇ يەردە پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ئۇ مەخپىي كىتاب ئامبىرىنى تاپقانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن راستىنلا داڭ قېتىپ قالدىم. ئۇ يەردىكى قول يازمىلار 16 ـ 20 مىڭ پارچە كېلەتتى. ئەگەر ھەر بىر توپلامنى (ئورامنى) ئېچىپ ئانچە ـ مۇنچە تەكشۈرۈش ئۈچۈنلا كام دېگەندە ئالتە ئاي ۋاقىت كېتەتتى». ئۇ موشۇ جەرياندا قەدىمكى كىتاپ ئامبىرىدىن 6000 پارچىدىن ئارتۇق يازما يادىكارلىقنى ئېلىپ كەتكەندىن باشقا قەدىمكى بىر ئۆڭكۈردىن بىر ياغاچ چېلەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنى تاپقان. 1909 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىر كۈنى قولغا چۈشەرگەن بۇ قىممەتلىك گۆھھەرلەرنى ئېلىپ ئۇ پارىژغا يېتىپ بارىدۇ. پېللىئوت شۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى ھازىر پارىژ دۆلەت ئاسىيا گۈزەل سەنئەت گۈيمەت مۇزېيىدا سىپتا ياسالغان بىر سېرىق ياغاچ ساندۇقتا ئۈچ قەۋەتلىك ياغاچ تاختاي ئۈستىدە تىزىپ قويۇلغان. بۇلار جەمى 940 تالدەك كېلىدۇ. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پېللىئوتتىن كېيىن روسسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى دۇنخۇاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپىتىن 10 تۈمەن تال تاپقان. بۇلار ھازىر سانكت ـ پېتېربۇرگدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دۇنخۇاڭ ـ تۇرپان يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا پەقەت ئالتە تاللا بار. ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن چىقىرىلغان يەكۈنلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى پەقەت بوغۇمنى ئاساس قىلىپ سۆز ياسىلىدىغان فونېما شەكلىدىكى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپى ئىكەنلىكى ئېنىق.

1990 ـ يىلى دۇنخۇاڭدا چاقىرىلغان ب م ت مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: «دۇنخۇاڭ مۇزېيى تاپقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتە دانە تامغا ـ ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تارىخىي تۆھپىسى» دەپ ئېنىق يەكۈن چىقىرىلدى ھەمدە خەلقئارا مىقياسىدا رەسمىي بېكىتىشتىن ئۆتتى.

بېزەكلىك مىڭ ئۆيلىرى

دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئالتە تال ئۇيغۇرچە تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە پروفېسسور ياڭ فۇشۇ ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: بۇ مىسرالارنىڭ دەۋرى ھەققىدە، پېللىئوت بۇنىڭ ساقلانغان ئورنى ۋە باشقا ئاساسلارغا ئاساسەن 1300 ـ يىللىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ دەپ تەھلىل قىلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاشۇ تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقى ۋە پېچەتلىنىپ ساقلانغان يىل چېكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇلغان ھەم ئىشلىتىلگەن يىل دەۋرى جەزمەن بۇنىڭدىن تېخىمۇ بۇرۇن. ئاددىيسى ۋاڭ جېن 1298 ـ يىلى تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن كىتاب باسقان ۋاقىتتىن بۇرۇنلا بولۇشى لازىم. ئۇيغۇرلار دۇنيادا تامغا ـ ياغاچ مەتبەئە ھەرپىنى ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلغۇچىلار ۋە ئىشلەتكۈچىلەردۇر.

«تارىخ ئوقۇتۇشى» مەجمۇئەسىنىڭ بىرىنچى جىلد 4 ـ سانىغا بېسىلغان فېيۇخۇەننىڭ «ئەڭ بالدۇرقى جۇڭگو مەتبەئە بۇيۇمى» دېگەن ماقالىسىدا مەلۇمات بېرىلىشىچە، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار دىيارىغا كەلگەن ئانگ-يەلىك ئارخېئولوگ ئا. ستېيىن تۇرپاندىن مەتبەئە بىلەن بېسىلغان بىر قىسىم قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرىدە: «ئىدىقۇت 34 ـ يىلى ... ئائىلىسىدە غالجىر ئىشت بار، ئوتكۈچىلەر ئېھتىيات قىلىشى لازىم» دېگەن سۆزلەر بېسىلغان. تارىخچىلار ئىدىقۇتنىڭ 34 ـ يىلىنى مىلادىنىڭ 594 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ فاكت ئۇيغۇرلاردا تامغا ـ ياغاچ مەتبەئەنىڭ 6 ـ ئەسىردىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئۇيغۇرلار مەتبەچىلىك ـ نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ، ئۇنى غەرپكە ـ ياۋروپاغا تارقاتقان، دەپ ئېيتالايمىز. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

6. پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان باشقا يېزىقلاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىق (ھۆججەت) لىرىمىز

پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ھۆججەتلىرى بۆلۈمىدە يەنە بىر پارچە تىبەت يېزىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پېللىئوت ـ تىبەت 1292 ـ دەپ نومۇر قويۇلغان. پېللىئوت ئۇنى «بۇددا دىنىنىڭ ئەھكاملىرى» دەپ ئاتىغان. ئەپسۇسكى، بۇ يادىكارلىقنىڭ پەقەت 45 قۇرىلا ساقلىنىپ قالغان. شۇنداقتىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تىبەت يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇ يادىكارلىق تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە دىن تەتقىقاتى جەھەتتە ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ياپونىيەلىك ئالىم سېنئەن ساۋقۇ تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا پارىژدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرشۇناسلىققا ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە نۇرغۇن قوش تىللىق ھۆججەتلەر بار. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن توخار تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى خوتەن ساك تىلى قاتارلىق تىللار سېلىشتۇرۇلغان لۇغەت خاراكتېرلىك يازما يادىكارلىقلار. ئۇنىڭ ئىچىدە پېللىئوت 2892 ـ دەپ نومۇر قويغان ھۆججەت قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمكى خوتەن ساك تىلىنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى (لۇغىتى) نىڭ پارچىسىدۇر.

پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا يەنە كام دېگەندە تۆرت پارچە مانى يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركچە ھۆججەت بىلەن ئىككى پارچە سۇرىيە يېزىقىدىكى قەدىمكى تۈركچە ھۆججەت ساقلانماقتا. ئۇلار تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ئىككى ھۆججەتتىن ئانگلىيە كۇتۇپخانىسى ۋە گېرمانىيەنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي بېرلىن، ماينز شەھەرلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردىمۇ خېلە كۆپ ساقلانماقتا. ئۇلارنىڭ خېلە كۆپ قىسمى گېرمانىيەلىك ئا. ۋون لېكوك (1860-1930) بىلەن پېيوتر زىمېلار تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق پۇللىرى بۆلۈمىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى، مەسىلەن: قەدىمكى ئۇيغۇر، تۈركەش، قاراخان، چاغاتاي قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى پۇللىرى ساقلانماقتا. ئۇلار ئەسلىدە پېللىئوت تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن.

ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان فرانسىيە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى، تىل تارىخىنى ۋە تەرجىمە سەنئىتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۇلار بىلەن تونۇشىشىمىز جەھەتتە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە.

ئەركىن قۇتلۇق.

«شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىدىن.

شائىرە قەلبى – ساداقەت، نازۇك ھېس تۇيغۇدۇر

خۇرشىدەم ئۇردۇنبەگ قىزى قازاقىستانغا چىققاندىن كېيىن «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئۇزەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. گېزىتتا ئىشلەش جەريانىدا ژۇرنالىستلىك بىلەن بىللە شېئىرى ئىجادىيەتنى مەشىق قىلدى. شېئىرلىرى گېزىتلەردە، ژۇرناللاردا داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. بىر نەچچە شېئىرى توپلاملىرى «ژازۇشى» نەشرىياتىدا بېسىلىپ، كىتاپخانلارغا تەغدىم قىلىندى. خۇرشىدەمنىڭ شېئىرلىرى گۈزەل ياشلىق، ئۇلۇق تەبىئەت، دوستلۇق – مۇھەببەت ھەققىدىكى لىرىكىلار، ئەزىز ئانىلىق، قۇتلۇق تۇپراق، ۋەتەن مۇھەببىتى، مۇقەددەس تارىخىمىز ھەققىدىكى خەلقپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ئانىنىڭ ئۇلۇقلۇغى، مېھرىۋانلىغى، پەرزەنتكە مۇھەببىتى، تەشۋىشلىرى، تىلەكلىرى، ئايال – قىزلارنىڭ يارغا ساداقەتلىكى، ۋاپاسى، نازۇك ھېس تۇيغۇلىرى، تەۋرىنىشلىرى چۈشىنىشلىك، راۋان، خەلق تىلى بىلەن، يېزىلغانلىغىنى كورىمىز.

ھەممىمىزگە ئايانكى، شېئرىيەت دېگەن ئۇلۇق بىر ئالەم، ئىنسانغا بېرىلگەن خاسىيەتلىك سېزىمدۇر. شۇڭلاشقا شائىر – يازغۇچى، ئىجاتكارلارنىڭ تەغدىرى قېيىن، كۈندەشلىرى كوپ، يولى مۇشەققەتلىكتۇر. بۇ تەغدىر خۇرشىدەمنىڭ ماڭلىيىغىمۇ پۈتۈلگەن ئىكەن. شائىرە سۈپىتىدە خۇرشىدەم داۋاملىق ئىللىق، گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن يېڭى – يېڭى ئوي – پىكىردىكى شېئىرلارنى يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇنى بايقاۋاتىمەن.

شېئرىيەت مۇخلىسلىرى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، خۇرشىدەمدىن مەزمۇنلۇق، گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىشنى كۈتىدۇ.

زىيا سەمەدى.

كورنەكلىك ئۇيغۇر شائىرەسى خۇرشىدەم ئىلاخۇنوۋا 1940 – ژىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ غۇلجا شەھرىدە زىيالى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتىرىپ، ئۈرۈمچى شەھرىدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئاگرونوملارنى تەييارلايدىغان فاكۇلتېتىدا بىلىم ئالغان. 1963 – ژىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقستان دىيارىغا كوچۈپ چىقىپ، قىزىلوردا ۋىلايىتىنىڭ «بىرلىك» سوۋخوزىغا ئورۇنلىشىدۇ، ھەم شۇ يەردە ئۇز كەسىپى بويىچە ئاگرونوم بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1970 – ژىلى ئالمۇتا شەھرىگە كوچۈپ كېلىپ، «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى»)، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدا كوررېكتور، مۇخبىر بولۇپ، خىزمەت قىلىدۇ.

بىلىملىك ئاتىسى ئۇردۇنبەگدىن شەرىق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئاڭلاپ ئوسكەن ياش قىز ئون ئىككى يېشىدىن باشلاپ، شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. 1953 – ژىلى تۇنجا شېئىرى غۇلجا شەھرىدە چىقىدىغان «ئىلى» گېزىتىدا نەشر قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ستۇدېنت دەۋرىدىمۇ شېئىرلىرى ش ئۇ ئار دىكى گېزىت – ژۇرناللاردا نەشر قىلىنىپ تۇردى.

شائىرەنىڭ شېئىرلىرى قازاقستان دىيارىغا كوچۈپ كەلگەندىن كېيىن «ژازۇشى» نەشرىياتىدىن 1970 – ژىلى «مەدھىيە»(ئومۇم توپلام)، 1978 – ژىلى «تۇرنىلار»، 1983 – ژىلى «ئانىلار ئاۋازى» (ئاياللار توپلىمى)، 1988 – ژىلى «بوشۇك ناخشىسى» قاتارلىق توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. «مېھرىبۇلاق»، «ناماز دوك»، «ئىسيان» داستانلىرى شېئرىيەت مۇخلىسلىرى بىلەن يۈز كورۈشتى. «قازاق ئەدەبىياتى» گېزىتىدا، «ژۇلدۇز»، «پەرۋاز»، «ئارزۇ» ژۇرناللىرىدا شائىرەنىڭ كوپلىگەن يېڭى شېئىرلىرى نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.

«يۇرتۇم – ئانام يۇرايدۇ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1995 – ژىلى «ژازۇشى» نەشرىياتىغا تاپشۇرۇلغان.

شائىرە خۇرشىدەم ئىلاخۇنوۋانىڭ شېئىرلىرىنى ئاتاقلىق قازاق شائىرەسى فەرىزە ئوڭغارسىنوۋا، شائىرلار مىيرخان ئاقدولەتوۋ، كېڭىسىۋاي شالقاروۋ، سىرىك كاتتاباييۋ، غالىم تېنىبايېۋلار قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، قازاق شېئرىيەت مۇخلىسلىرىغا تەغدىم قىلدى.

شائىرە خۇرشىدەم قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇق كۈيچىسى جامبۇل جابايېۋنىڭ 150 ژىللىغىغا بېغىشلانغان جۇمھۇرىيەتلىك شائىرلار مۇشائىرىسىدە، شۇنداقلا م. ئەۋېزوۋنىڭ 100 ژىللىغىغا بېغىشلانغان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ مۇشائىرىسىدە مەزمۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن غالىپ ئاتىلىپ، مۇكاپاتلاندى.

ناماز دوك

(داستان)

جوڭغار تېغىنى ياقىلاپ مەن كېلىمەن،
يان باغرىدا كوركەم گۈلباغ يېزىلار.
تارىخلارنى خىيالىمدا كېزىمەن،
قېدىم جايدىن بىلىنىدۇ كوپ ئىزلار.

بېشىمىزدا كۆن چاراقلاپ كۈلىدۇ،
ئاسمان كوپ – كوك كورۈنىدۇ بەك گوزەل.
تاغ شامىلى يەلپۈنىدۇ، كۈيلەيدۇ،
تازا خۇشبۇي ھاۋاسىدا مىڭ غەزەل.

ژىراقلاردىن مەن كېلىمەن تەلپۈنۈپ،
بۇ يېزىنى ئاتايدىكەن يۇرت كەتمەن.
باغ ئارىلاپ گۈل ھوسنىگە تەلمۈردۈم،
ئۇتمۇشىگە قۇلاق سالسام، بىر دەردىمەن.

ئەتراپىدا ئېدىرلىقلار، دوڭلەر كوپ،
قىزىل دوڭمۇ، قارا دوڭمۇ، توپۇلۇك.
«ناماز دوك» دەپ ئاتايدىكەن مازارنى،
ئۇتمۇش ژىللار سىرىنى چېكىپ كۈيچۈلۈك...

* * *

«ئاتۇ» ژىلى باشقا چۈشتى بالالار،
قىرىۋەتتى، يېزىلاردا ئاقتى قان.
مۇسۇلمانلار تەكبىر ئېيتىپ «ئالla» دەپ،
ئاراپلىنىپ كوز ژۇمغاندى بىرىپ جان.

كوممۇنىستلار تۈركىستاندا شۇ چاغلار،
مەدرىسلەرنى، مەسچىتلەرنى يوقاتقان.
مەرىپەتنىڭ ژۈرۈكىدە كوپ داغ بار.
«ئەل دۈشمىنى»دەپ تۆھمەت قىپ ئوق ئاتقان.

– دىن: زەھەرلىك، دىن: ئەپيۇن، ئاسارەت،
دېگەن بەدنام تارقاتقاندى قىزىل سوز.
ئىسلام دىنى بەندىسىگە ئاھانەت،
تەقىپ قىلىپ ئالىياتتى ياۋۇز كوز.

دىنىمىزنى يوقاتماق بوپ ھوكۈمران،
مەجبۇرلىدى كوممۇنىستلىق كويىنى.

ئەھلى ئىنسان ئىشكىدە دىر گۇمان –
پايلاقچىلار مارىلاتتى ئويىنى.

قارا زامان باسقىلى قوتلۇق جايى –
كەتمەن يۇرتىنىڭ مەسجىدىنى بوزغاندى.
موسۇلمانلار ئامالسىزدى نە قىلغاي؟
ۋەيران بولۇپ بەرىكىتىمۇ توزغاندى.

ئويلىرىدە ئوقالماتتى نامازنى،
ئەرۋاھلارغا ياقالماتتى شام – چىراق.
ئولگەنلەرنىڭ چۈشۈرەلمەي نامىزىنى،
قورقۇشاتتى تونجۇقۇپ ئەل ئەشۇ ۋاق.

موسۇلمان بوپ تۇغۇلغانلار ئىمانىنى،
يوقاتمىدى، بىر ئاللا بار دىلىدا.
يات كوزلەردىن يوشۇرۇپتۇ شۇ مازار،
مۇناجاتلار ئوقۇپ ژۈردى تىلىدا.

بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا كوچكەنلەر،
بىر دوڭلىكتە مازار بولۇپ يېتىپتۇ.
رىسقى تۈگەپ، ئۈر چىرىغى ئوچكەننى،
بىر – بىر تېرىپ ئوز قوينىغا قىپتىپتۇ.

ئاتا – بابا روھلىرىدىن مەددەت ئېپ،
شۇ مازاردا ئوقۇشۇپتۇ، ئەل ناماز.
تاش، تۇپراقلار، گۈل – گىيالار سېلىنىپ،
مومىنلەرگە بولغان ئىكەن جەينىماز.

قىزىللارغا تۈيدۇرماستىن كوپ بەندە،
ئەشۇ دوڭدە روھىنى پاكلاپ ژۈرگەنىكەن.
بىر ئاللاغا ئىبادەتتە قىپ سەجدە،
دىلى نۇرغا تولۇپ ئومۇر سۈرگەنىكەن.

شۇ سەۋەپلىك بۇ تۇپراقنى خالايىق،
«ناماز دوك»دەپ ئاتىغانىكەن بەك لايىق.
دىنسىزلاردىن دىلىنى پاك ساقلىغان،
دىنى ئىسلام بەندىسىگە بۇ لايىق.

ئۇرۇش ژىللار قىرقىلغاندى يۇرت كەتمەن،
ياش قىرانلار يات جايلاردا بەرگەن جان.
قارا خەتلەر ئۇززۇلمەستىن كەلگەندە
ئانىلارنىڭ كوزلىرىدىن ئاقتى قان.

ئانا يەرنى قوچاقلايدۇ، قاخشايدۇ،
پەرزەندىگە تەككەن ئوقتىن – ئازاپتىن.
لەنەت ئوقۇپ شۇم ئۇرۇشنى قاغايدۇ،
ئاللا ئېگەم قايتۇرغىنە دەپ قازانى.

ئانا ژىغلاپ: تەۋدىكەندىم «ئەللەي»دەپ،
تۈنلەر ئۇيغاق بوشۇكۈمنى قۇچاقلاپ.
نېچۇن مېنىڭ قايتمىدى شۇ «ئەللە»رىم؟!
بەخىت تىلىگەن دۇئالىرىم – قوشۇغۇم؟

– گۇناھلىرىم كوپتۇر ئېگەم ئالدىڭدا،
ئازغۇن زامان مەجبۇرلىدى ئەگەشتىم.
شۇ سەۋەپلىك قايغۇ – دەردكە قالدىممۇ؟
دىنسىزلارنىڭ سەنتمىسىدە ئاداشتىم...

قىبلە تامان بىر ئاللاغا يېلىنىپ،
ئانا تۇرار «ناماز دوك»دە ئېگىپ باش.
پەرزەنت دەردى بىلەن ژۈرەك تىلىنىپ
ئاھ، نالە قىپ كوزلىرىدىن توكۈپ ياش.

بەربات بولدى دىنسىزلارنىڭ قورغانى،
زامان يەنە ئوز قىسىمغا ئوزگەردى.
ئائىلىدە مەكتەپلەردە قۇرئاندىن –
ئەدەپ، ئەخلاق ئىزگۈلىكنى ئۆگەندى.

«ناماز دوك» سولەتلىك قەد كوتەرگەن،
يېڭى مەسجىت بېناسىنى قۇردى يۇرت.
ھالال ئەمگەك دۇئا بىلەن كوكىرۇپ،
ئۇلۇق تۇپراق ئەلگە بەرگەي يەرگە قۇت.

يۇرت كەتمەننىڭ ئادەملىرى ھەر سەھەر،
ئۇلۇق «ئەزەن» ئاۋازىدىن ئويغىنار.
كۈندىن – كۈنگە جامائىتى ئۇلغىيىپ
بىر – بىرىنى ھورمەت قىلىپ ئۇلغىلار.

«ناماز دوك»گە كېلەر قوتلۇق قەدەملەر،
خاسىيىتى بار دەيدۇ ئەھلى ئادەملەر.
ئاسمىنىدا قىرائەتنىڭ مۇگى بار،
قېدىم يۇرتقا تېچلىق ئارام بولسۇن يار.

ۋەتىنىمنىڭ سۈرىتى

(ئاتاقلىق رەسسام زەيىندىن يۈسۈپوۋقا بېغىشلايمەن)

ئاتام يېتىلەپ بارغىنىمدا مەكتەپكە،
كوزۈم چۈشتى ئەجەپ گوزەل رەسىمگە.
مەكتىۋىمىنىڭ پېشانىسىدا ئېسىغلىق،
تۇرغانلىغى ھەر چاغ كېلەر ئېسىمگە.

بۇ تەگرىتاغ ۋەتىنىمنىڭ سۈرىتى،
كەگرى دالا، تاغ كانلىرى بايلىغى.
ئاشلىقزارلىق، مېۋىزارلىق سولىتى،
قارىغايزارلىق چارۋا ماللار يايلىغى.

ئاق بۇلۇتلار كوتەرمەكتە ساماغا،
بۇيۇكلۈكتە خان تەگرىنى كۆن سويۇپ.
توپىسى قارا، ئوستى گۈلباغ سالالار،
كوز ئالدىمدا ۋەتەن تۇرار نۇرلۇنۇپ.

شۇندىن بېرى كوڭلۈم ياياراپ خۇش بولار،
ژۈرۈگۈمگە ۋەتىنىمنى كوچەردىم.
ۋەتەن ئىشقى ئومۇرۋاقى جوش ئۇرار،
بۇيۇك نامىڭ تۇغۇم قىلىپ كوتەردىم.

بۇ رەسىمنى سىزغان مېنىڭ ئۇستازىم،
ئەجرىڭىزگە، روھىڭىزگە مىڭ تازىم.
ئەۋلاتلارغا ئانا ۋەتەن مېھرىنى،
دىلغا سالغان ئۇلۇق ئىنسان ئۇستازىم.

سۈرەتتە: (ئوڭدىن) مەسۇمجان زۇلپىقار، قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ، شائىرە خۇرشىدەم ئىلاخۇن، شايىم شاۋايېۋ.

ئۇيغۇر گېزىتى

ھەر يېڭى كۈن سالامىنى قانات قىپ،
قالىغاچتەك ئۇچۇپ كېلەر گېزىتىم.
مىللىتىمنىڭ ئۇچمەس ئۈنى، تىلى بوپ،
ھەر خانىدا سېنىڭ ھورمەت – ئىززىتىڭ.

بۇ ئالەمنىڭ ئۇرۇپ تۇرغان ژۈرىكى، –
نەپەسىدىن ئۇچقۇر بېرەر گېزىت بۇ،
قىزىق سوھبەت، خوش خەۋىرى يۇرت كېزىپ،
ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرغان گېزىت بۇ.

ئالىم مەھمۇد، يۈسۈپ خاسىنىڭ غەزنىسىنى،
سەندىن ئوقۇپ خەلقىم كوزگە سۈرگەندى.
ئىپارخاننىڭ قەھرىمانلىق غازاتى،
رىۋايىتى ئەل ئارىلاپ سوزلەندى.

دەيدۇ بىزنى، – خوش مەردانە يارالغان،
ۋەتىنىگە ئەجرى، مېھرى تارالغان.
باسقانىسىرى كەلگۈندىلەر ياۋانلار،
بېسىلمايدۇ كۈرەشلىرى، داۋاملار...

بوۋاقلىرى كوكۈرايدۇ مۇقامغا،
بوشۇكىدىن تۇرۇپ، ئۇسسۇل ئوينار خەلق.
ماكانى گۈل، باغلار كىرسە قىيامغا،
بابا دېخان يۇرتنى ژىغىپ تويلار تەخت.

باتۇرلارنىڭ قېنى بىلەن پۈتۈلگەن،
قىسسە ئۇقار ئىلى، تارىم كوز يېشى.
تەگرىتاغدەك ئۇلۇق قەددى پۈكۈلمەس –
مىللەت دەيدۇ، ئاللا بەرگەن بەرداشنى.

ئەينە شۇنداق مىللىتىمىز ئەينىكى،
يورۇتىدۇ تارىخىمىز ئەينىنى.
ھۈنەر، سەنئەت، بىلىم نۇرى مەكتەپنى،
بۈگۈنىمنىڭمۇ ئېغىر تۇرمۇش ئەرزىنى.

بۇ دۇنياغا تاراپ كەتكەن ئۇيغۇرنىڭ،
ئانىسىمۇ، ۋەتىنىمۇ بىر ئۇزەڭ.
ئەجداتلىرىم بېسىپ ئۆتكەن شۇ ئۇلۇق،
تارىخىمىز بۇلۇغىسەن، كوزىسەن.

ھەر تاڭ سەھەر كۈتۈپ خەلقىم ھاياتىن،
خوش خەۋەرلەر ئىزلەر كوڭلۈم گېزىتتىن.
مىللىتىمنىڭ تىلى، دىلى، باياتىن،
بۇ دۇنياغا جاكا قىلغان گېزىتىم.

ھەر قۇتلۇق سان دەۋرلەردىن ئاشقىنىڭ،
قازاق ئەلدە ئەركىن ياياراپ تاشقىنىڭ.
ئەۋلاتلارغا سەن قەدىرلىك، كېرەكسەن،
بىلىملەرنىڭ غەزنىسىنى ئاچقىنى.

سۈرەتتە: (ئوڭدىن) شائىرە خۇرشىدەم ئىلاخۇن، پاتىگۇل سابىت، ئايشەم ئەخمەت (ش ئۇ ئار لىق يازغۇچى)، ھېبىبۇللام يۇنۇس، ئورە تۇرغانلار: ئابلىز ھېزىمۇۋ، تۇسۇناي يۇنۇس(ش ئۇ ئار لىق ژۇرنالىست) يادىكار سابىت، ئالمۇتا، 1990 – ژىل.

بىز، گېزىتخانلارغا تونۇشتۇرماقچى بولغان
ئادەمىمىز — بۇ مەخسۇت قاسىموۋ. ئۇ يار-
كەنت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوبدان تو-
نۇش. يېقىندا ئۇنىڭ تۇغۇلغىنىغا 70 — ياشقا تولدى. قار-
شى ئالغان ... مەخسۇت قاسىموۋنىڭ بالىلىق
خېلىلا قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈش-
كە توغرا كەلگەن ئىدى. مۇنداق دېيىش-
مىزنىڭ سەۋەبى، ئۇ 1930 — ژىلى يار-
كەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان. بۇ دەۋردە باش

چوڭ ـ كىچىك ماقالىلىرىنى، شېئىرلىرىنى ئە-
ۋەتىپ تۇردى.

مۇئەللىم بولۇپ، ئىشلەۋاتقان 1957 —
ژىلى كېگەش ئىنتېرناتىدا، يەنى ئالمۇتا شە-
ھىرىدە نەشىر قىلىنغان «كوممۇنىزم تۇغى»
گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانى قولىمغا
تېگىپ قالدى، — دەيدۇ م. قاسىموۋ ئەسلەپ. — مەزكۇر گېزىت ماڭا ئا-
لاھىدە تەسىر قىلدى. شۇ ژىللىرى كېگەش

ئەمگەكچان ئادەمگە — ئىش ھەر قاچان يېتىپ ئاشىدۇ...

قا جايلارغا ئوخشاش ياركەنت دۆھسىدە
ۋەزىيەت ئېغىر ئىدى، يەنى بىزلەردا كول-
لېكتىۋلاشتۇرۇش ھەركىتى ئەۋج ئالغان،
ھەر خىل سىياسىي تەقىپلەشلەر ئاقىۋىتىدىن
ئاھالى گاڭگىراپ قالغان مەزگىل ئىدى. يەر،
مۈلكىدىن ئايرىلغان خەلق پانا ئىزدەپ،
ئەجداتلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا كېتىشكە باشلى-
دى. شۇ قېرىنداشلىرى قاتارىدا مەخسۇت
قاسىموۋنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇز ۋەتىنىگە ئۆ-
تۈپ كېتىدۇ. بۇ دەۋردە م. قاسىموۋ تېخى
قۇچاقتىكى بوۋاق ئىدى.

ئۇ ژىللىرى ئۇيغۇرلار دىيارىدا گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھوكۇمەتنىڭ زورلۇق — زومبۇ-
لىقى چېكىدىن ئاشقان دەۋر ئىدى. بولۇپ-
مۇ، جاللات شىڭ شىسەي ھوكۇمرانلىق قىل-
غان ئون ژىل ئىچىدە بېگۇنا خەلقنى تۈر-
لۈك بانىلار بىلەن قاماش — ئۆلتۈرۈش كۈن-
دىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىپ، يەرلىك خەلق-
نىڭ ھايات كەچۈرۈشى بارغانسىرى ئېغىر-
لاشقان ئىدى. ئازاتلىققا تەشنا ئۇيغۇر خەل-
قىنىڭ چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا
قارشى كوتىرىلىشى كۈچەيدى. موشۇنداق
ئىنقىلاۋىي ۋەزىيەت ئاخىرى 1944 — ژى-
لى ئەمەلگە ئاشتى. م. قاسىموۋنىڭ ياشلىق
چاغلىرى ئەينە شۇ ژىللارغا توغرا كەلدى. ئۇ
شۇ ژىللىرى يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەرنى كورۈپ
ئوستى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرستاندىكى
مىللىي - ئازاتلىق ھەركەتنىڭ رەھبىرى -
خەلقىمىزنىڭ سويۇملۇك پەرزەندى، مەخ-
سۇتنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئوغلى ئەخمەت-
جان قاسىمىي ئىدى.

م. قاسىموۋ غۇلجا شەھىرىدىكى ئەخمەت-
جان قاسىمىي نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەك-
تىۋىنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئو-
قۇشقا بارىدۇ. ئۇ شەھەردىكى پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىغا چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. بىراق سا-
لامەتلىگىگە بولا مەزكۇر بىلىم دەرگاھىنى تو-
لۇق پوتىرىپ چىقالمايدۇ. 1952 — ژىلى
غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، ئەمگەك پائالىيىتى-
نى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولۇپ
ئىشلەشتىن باشلايدۇ. بالىلىق دەۋرىدىن ئە-
دەبىياتقا ئىشتىياقى ئويغانغان ياش مۇئەللىم
شۇ ژىللىرى قەلەم تەۋرىتىپ، «شىنجاڭ
ياشلىرى»، «ئىلى»، «شىنجاڭ پىونېرى»
نەشىرلىرىگە ۋە باشقىمۇ گېزىتلارنى ئۇزىنىڭ



ئىلىگە بولغان ئىنقىدەم تولۇمۇ كۈچلۈك ئې-
دى. ئارىدىن كوپ ئوتمەي مىڭلىغان قېرىن-
داشلار قاتارىدا بىزنىڭ ئائىلىمۇ قازاقىستان
دىيارىغا كوچۈپ چىقىپ، پەنجىم يېزىسىغا
ئورۇنلاشتۇق.

م. قاسىموۋ كوپ ژىللار كالىنىن نامىدىكى
كولخوزدا ھەر خىل ساھالاردا ئەمگەك قىل-
دى. كېيىن يېزىدىكى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ
نامىدىكى مەكتەپتە ياش ئەۋلاتلارغا بىلىم بې-
رىش بىلەن ئۇستازلىق ئىشىنى داۋاملاشتۇ-
رىدۇ. مەخسۇت قاسىموۋ قەيەردە كىم بو-
لۇپ ئىشلىمىسۇن، ئۇزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزى-
پىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ. شۇن-
داقلا جەمىيەتلىك ئىشلارغىمۇ پائال قاتنى-
شىپ، كوپ نەرسىلەرنى ئۆگەندى، تەجرى-
بە توپلىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھايات يولى-
نى جەمىيەتلىك ئىشلارسىز تەسەۋۋۇر قى-
لىش مۇمكىن ئەمەس.

1989 — ژىلى پانفىلوۋ ناھىيەسىدە ئۇي-
غۇر مەدەنىيەت مەركىزى تەشكىل قىلىندى.
ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى ۋەكىللىرى قولىدىن
ئىش كېلىدىغان، ھايات تەجرىبىسى بار
م. قاسىموۋنى مەدەنىيەت مەركىزى يېنىدى-
كى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى قىلىپ
سايلىدى. كېڭەشنىڭ ئىش - پائالىيىتىنى
يولغا سېلىش، جانلاندۇرۇش مەخسۇتقا يې-
نىڭ چۈشكىنى يوق. چۈنكى ئۇ ژىللىرى
ياركەنت تەۋەسىدىكى مەھەللىلەردە ژى-
گىت باشلىرى يېڭىدىن سايلىنىپ، پائال-
يەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەخسۇت قاسىموۋقا تىنىمسىز ئىشلەشكە توغ-
را كەلدى. ئۇ شەھەر تۈرغۇنلىرى ئارىسىدا
پات - پات بولۇپ، يۈرتدارچىلىق ئىشلىرى-
نى رىۋاجلاندۇرۇشقا كوپ كۈچ چىقاردى.
م. قاسىموۋ ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى
بولۇپ ئىشلىگەن ئون ژىل ئىچىدە يېزىلار-
نى تىلغا ئالمىغاندا، ياركەنت شەھىرىنىڭ
ئوزىدە يېڭى مەھەللىلەرنىڭ سانى ئوتتۇزغا
يېتىپ، ژىگىت باشلىرى كولەملىك ئىشلار-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى.

م. قاسىموۋ جامائەتچىلىك ئىشلىرىنى ۋىج-
دان ئەمرى بىلەن ئورۇنلاشتىن تاشقىرى،
ژۇقۇرىدا تەكىتلەپ ئوتكىنىمىزدەك، ئۇ جۇم-
ھۇرىيەتلىك، ناھىيەلىك مىللىي گېزىتلىرى-
مىزغا ئۇرپى - ئادەتلىرىمىز، مەدەنىي ئەنئە-
نىلىرىمىز، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندىكى تۇر-
مۇش تەرىزىمىز ۋە باشقا ماۋزۇلارغا ئائىت
مۇھىم، پروبلېمىلىق ماقالىلارنى يېزىپ، ئە-
ۋەتىپ تۇرىدۇ.

مەن م. قاسىموۋ بىلەن بولغان سوھبەت-
نىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر
پەرزەندى ئەخمەتجان قاسىمىي توغرىلىق
سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق دەپ، جاۋاپ بەر-
دى.

— ئەخمەتجان قاسىمىي دادام تايىرنىڭ
سىڭلىسى شەرۋانىخاننىڭ يېگانە ئوغلى ئې-
دى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا بۇ ئادەم ئويى-
مىزگە كېلىپ، ئاتا - ئانام بىلەن سوھبەتلى-
شەتتى. بۇ ئەجايىپ ئىنساننىڭ بىزگە تۇق-
قان، خەلققە نىسبەتەن ئارزۇ - ئارمىنى پار-
لاق ئىكەنلىگىنى كېيىنرەك بىلدىم. شۇ پار-
لاق مەنزىلگە يېتىپ قالغان بىر ۋاقىتتا يە-
نى، 1949 — ژىلى ئەخمەتجان قاسىمىي
باشچىلىغىدىكى بىر توپ ئادەملەرنىڭ قازا
بولغانلىغى توغرىلىق شۇم خەۋەر پۈتكۈل
ئۇيغۇر دىيارىنى ئېغىر جۇدالىققا سېلىپ قوي-
غان ئىدى. ھازىر بولسا، بۇ پاجە ئىككى
چوڭ دولەت رەھبەرلىرىنىڭ غەرەزلىك نى-
يەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلى-
غانلىغى پاش بولدى. بۇ جۇدالىق بىزدىن
قانچىلىك ژىراقلىغانسىرى خەلقىمىزنىڭ ئەخ-
مەتجان قاسىمىي ئوخشاش ئۇلۇق پەرزەندى-
لىرىگە بولغان ھورمەت، ياد ئېتىش شۇ قە-
دەر ئېشىۋاتىدۇ، خەلق ئارىسىدا ئىسمى مەڭ-
گۇ ئولمەيدۇ...

مەخسۇت قاسىموۋ ھازىر دەم ئېلىشتا
ژۇرسىمۇ، جامائەتچىلىك ئىشلاردىن قول ئۈز-
گىنى يوق. ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ
جەمىيەتلىك ئىشلىرىغا بۇرۇنقىدەك ئارىلى-
شىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا جۇمھۇرىيەتلىك
«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گې-
زىتلىرىغا ھەر ژىلى مۇشتىرى توپلاش كامپا-
نىيەسى ئۇنىڭسىز ئوتمەيدۇ. مۇنداق ۋاقىت-
لاردا ئۇ قولىغا قەلەم، دەپتەر ئېلىپ، كوچى-
مۇ - كوچا، ئويمۇ - ئوي كىرىپ، گېزىتلار-
غا مۇشتىرى توپلايدۇ.

ئەمگەكچان، تىرىشچان ئادەمگە ئىش ھەر
قاچان يېتىپ ئاشىدۇ.

ئابدۇكېرىم تودىياروۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

تارىختىن تەرمىلەر

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چى-
قىشى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەر بار. بە-
زىلەر خوتەن «ئۇدۇن» دېگەن سوزنىڭ بۇ-
زۇپ ئېيتىلىشى بولسا كېرەك، چۈنكى، قې-
دىمى زاماندا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدە
خەلقىمىزنىڭ «ئۇدۇن دولىتى» قۇرۇلغان،
بۇ نام شۇنىڭدىن قالغان دېسە، بەزىلەر خو-
تەن «يوتقان» دېگەن سوزنىڭ ئوزگەرتىل-
مىسى، چۈنكى، ھازىرقى خوتەن شەھىرى
قېدىمى «يوتقان» كەنتىدىن يوتكىلىپ بې-
نا قىلىنغان دېيىدۇ. بەزىلەر: خوتەن دېگەن
سوز «قوتان» نىڭ ئوزگەرتىلمىسى. چۈنكى،
قېدىمكى چارۋىچى خەلقلەر چارۋىلىرىنى
موشۇ يەرگە ژىغىپ باققانىكەن دېيىدۇ. يەنە
بەزىلەر: خوتەن بوقا خاننىڭ قىزى مەلىكە
خوتەنىينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئەينى
چاغدا مەلىكە خوتەنى خوتەنگە كەلگەن دېي-
دۇ. بۇ بىر نەچچە خىل قاراشنىڭ بەلگىلىك
تارىخىي ئاساسلىرى بار. شۇڭا قايسى بىر
خىل قاراش بولسۇن ئۇنىڭ توغرا بولۇش
ئېھتىماللىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.

6 ـ 8 ـ ئەسىر ئارىلىغىدا خوتەننىڭ يې-
گى ئاۋات بولغان جايلىرىدىن كىرىيە ۋە نى-
يە تەرەپلىردە خەلقىمىزنىڭ «ئۇدۇن دولى-
تى» دېگەن بىر دولىتى قۇرۇلغان. بۇ دولەت-
نىڭ مەركىزى كىرىيە بولۇپ، ئىلچى، قارى-
قاش، لوپ تەرەپلەرمۇ ئۇدۇن دولىتىگە قا-
راشلىق ئىدى. ئۇدۇن دولىتى 560 ژىل دا-
ۋام قىلىنغان بولۇپ شۇ چاغدا خەنزۇ تىلىدا
خوتەن شەھىرى «سىچىڭ»، خوتەن ۋادى-
سى «پويتيەن» دەپ ئاتىلاتتى. تارىخىي
ماتېرىياللاردا ئۇدۇن دولىتى يوقالغاندىن كې-
يىن ئۇنىڭ «ئۇدۇن» دېگەن نامى «خو-
تەن»گە ئوزگىرىپ قالغان دېگەن سوز ئۇ-
چىرايدۇ. يوتقان دېگەن سوزگە كەلسەك بۇ-
نىڭدىن تەخمىنەن مىڭ ژىل بۇرۇن، خوتەن-
دە يوتقان دېگەن جاي بولغان. (ھازىرقى
يوتقان خارابىسى بۇنىڭغا گۇۋالىق بېرىپ
تۇرىدۇ).يوتقان شەھىرى كۈچلۈك خان تە-
رىپىدىن (12 ـ ئەسىردە) ۋەيران قىلىنغان-
دىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەر ھازىرقى
ئىلچى دەرياسى بويىغا كوچۈپ كېلىپ، شۇ
يەرنى مەھەللە قىلىپ ئولتارغان. بۇ مەھەل-
لىلەر كېيىن تەرەققىي قىلىپ شەھەرگە ئاي-
لانغان. بۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سۇ دەرۋازى-
سى، كۇجان دەرۋازىسى، ھېيتكا دەرۋازىسى-
نىڭ ئارىلىغى بولۇپ، ئىلچى دەرياسى شە-
ھەرنىڭ شەرقى قىرغىغى ئىدى. يوتقان دې-
گەن جاينىڭ قېدىمكى خوتەن شەھىرى
ئىكەنلىگى توغرىسىدا چەت ئەل تارىخىي
ماتېرىياللىرىدىمۇ مەلۇمات بار.

خوتەننىڭ ئەسلى نامىنىڭ قوتان ئىكەنلى-
گى تارىخىي ئەھۋاللارغا خېلە ئۇيغۇن كېلى-
دۇ. مىلادىدىن 5 ـ 10 مىڭ ژىل بۇرۇن
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي قىس-
مىدىكى تارىم ۋادىسى دەپ ئاتالغان جاي
ناھايىتى ئاۋات، دەريا، كولىلىرى كوپ، تە-
بىي بايلىغى مول بولغان ماكان بولۇپ، ئۇ-
نى مۇزلۇق كۇئىنلۇن تاغلىرى ئوراپ تۇر-
غاشقا ئېقىن سۇلار ئەلۋەك ئىدى. تارىم ۋا-
دىسىنىڭ شەرقىي قىسمى بولغان كىرىيە، نى-
يە،چىرىيە، خوتەنلەرمۇ ئەينە شۇنداق ئاۋات
ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن
چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كە-
چۈرەتتى، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى ئوسۇملۇك
ۋە چەكسىز كەتكەن يايلاقلار بىلەن قاپلى-
نىپ تۇرغاچقا چارۋىچىلىق بىر قەدەر رو-
ناق تاپقاندى. مىلادىدىن 2، 3 ئەسىر بۇ-
رۇن بۇ تەرەپلەردە توپا ۋە قۇم بالاسى يۈز
بېرىپ كۇئىنلۇننىڭ مۇز تاغلىرى ئېرىپ تۈ-
گەپ،پۈتكۈل تارىم ۋادىسى قۇم بالالىسى ئاس-
تىدا قالغاندا، ئۇ يەردىن قېچىپ چىققان
خەلقلەر تەردەپ ـ تەرەپلەرگە تاراپ كەت-
كەن. بىر قىسىم چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى
ھايداپ كىرىيە، نىيە، چەرچەن، چاقىلىق ۋە
خوتەن تەرەپلەرگە يوتكىلىپ كەلگەن. بۇ
ھەقتە تارىخىي كىتاپلاردا ئىشەنچلىك مەلۇ-
ماتلار بار. ئۇلار چارۋىلىرىنىڭ كوپ قىسمى-
نى خوتەن، بۇيا، پىشە يايلاقلىرىدا ۋە خو-
تەن، قارىقاش دەريا بويلىرىغا يەرلەشتۈر-
گەن. شۇ مەزگىللەردە ئۇلار بۇ تەرەپنى قو-
تان دەپ ئاتىغان. بۇ نامنىڭ كېيىنكى چاغ-
لاردا خوتەنگە ئوزگەرگەنلىكىنى ئەمەلىياتقا
بىر قەدەر ئۇيغۇن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھا-
زىرقى خوتەن ناھىيەسى (شەھەرىچى)
ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك
بىر ئارالچە بولغاشقا، بۇ جاينى «ئارالچە»
دەپ ئاتىغان، كېيىن ئارالچە سوزى «ئىرلى-
چى» ۋە «ئىلچى» دېگەن سوزلەرگە ئايلان-
غان.

ئەتىگەنلىك قۇياش ئىلچى دەرياسىنىڭ
شەرقىي تەرىپىنى دەسلەپ يورۇتىدىغانلى-
غى ئۈچۈن دەريانىڭ كۈن چىقىش تەرىپى
«يورۇڭقاش» كېيىنچە «يۇرۇڭقاش» دەپ
ئاتالغان (دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان).
كېيىنكى چاغلاردا «ئىلچى» دېگەن سوز
تاشلىنىپ كېتىپ«خوتەن شەھىرى» دەپ
ئاتىلىپ كەلگەن.

مەلىكە خوتەنى توغرىسىدىكى رىۋايەتتە
مۇنداق دېيىلىدۇ:

بوقاخان قىزى مەلىكە خوتەنى ئۈچۈن
ھاۋاسى ساپ، باغۇ ـ بوستانلىق، گوزەل
جاي تېپىش ئۈچۈن ياساۋۇللىرىنى دۇنيا-
نىڭ بارلىق جايلىرىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار خوتەن-
گە كەلگەندە. خوتەن ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىن-
مۇ گوزەل چىقىدۇ ـ دە. مەلىكە ئۈچۈن مو-
شۇ يۇرتنى تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە
خوتەنى بۇ يۇرتتا تۇرىدۇ. بۇ يەر كېيىنچە
مەلىكە خوتەننىڭ نامى بىلەن «خوتەن»
دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە بۇ بىر رىۋايەت بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇنى «خوتەن» دېگەن نامى-
نىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز
دەپ قاراشقا تېخى ئاساس يوق.

ھاج ئابلىمىت يۇسۇپ.
«خوتەن تارىخىي ماتېرىياللىرى» دىن
قىسقارتىپ ئېلىندى.

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى گېزىتىمىزنىڭ سابىق خادىمى تۇرسۇناي ناسىروۋاغا ئاكى-
سى، پېشقەدەم مەرىپەتچى

ھۇسەيىن ھاجىم ناسىرنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئالمۇتا شەھىرى «زاۋە ۋوستوكا» مەھەللىسىنىڭ يۇرت ـ جامائىتى جېتىسۇ ناھىيە-
لىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى، يۇرت موتىۋەرى

شەمشىدىن ھاجىم تاجىدىن ئوغلىنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم قېرىنداشلىرىغا چوڭ-
قۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئۇ ئا ت مەركىزىي كومىتېتى ئۇ ئا ت ئاكتىۋىستى، يۇرت موتىۋەرى

شەمشىدىن ھاجىم تاجىدىن ئوغلىنىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم قېرىنداشلىرىغا چوڭ-
قۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

قېدىم ھېكايەتلىرىدىن

ئۈچ بۇيۇك تېۋىپ

بىر تېۋىپ قاتتىق ئاغرىپ ئورۇن تۇ-
تۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ شاگىردلىرى ژى-
غىلىپ ئۇستازىنى داۋالاشقا كىرىشتى. كې-
سەل ئۇستاز ئۇلارغا:

— سۆيۈملۈك شاگىرتلىرىم، مېنى داۋالاش
ئۈچۈن بىھۇدە زەخمەت چەكمەڭلار، ساقى-
يىشتىن ئۇمۇت ئۈزگەنمەن، ئولىمىم يېقىن-
لاشقانىغا ئوخشايدۇ. ۋاپات بولغىنىمدىن كې-
يىن ناھايىتى قايغۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپ كەت-
مەڭلار، چۈنكى ئورنۇمغا ئۈچ بۈيۈك تېۋىپ
قالدۇرۇپ كېتىمەن. شۇ زور ئۈچ تېۋىپنىڭ
مەسلىھەتلىرىگە ھەممىڭلار ئېتىبار بېرىڭلار
ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا دەۋەت قىلىڭلار، —
دېدى.

شاگىرتلىرىدىن بىرى:
— بىزنىڭ ئەزىز ئۇستازىمىز، سىزدىن كې-
يىن ئورنىڭىزدا قالىدىغان ئۈچ تېۋىپ كىم-
لەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇستاز كوزلىرىنى
ئاچتى، يېنىدىكى شاگىرتلىرىغا شۇنداق جا-
ۋاپ بەردى:

— سىلەرگە سوزلىگىنىم ئۈچ زور تېۋىپنىڭ
بىرى - پاكلىق، ئىككىنچىسى پەرھىز، ئۈچىن-
چىسى بەدەنتەربىيەدۇر. دايىم پاك، ئازادە
بولۇش، تىقىشتۇرۇپ ئويۇل - توپۇل يېمە-
تىن ئوز مىقدارىدا غىزالىنىش، ئىچكىلىكتىن
تېيىلىش، بەدەن ئەزالىرىنى ھەركەتسىز قال-
دۇرماستىن بەدەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللى-
نىش - مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سالامەتلىك-
نى ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى چارىلەردۇر.

تاماگەر كەمپىر

بىر كەمپىرنىڭ بىردىن - بىر گۈزەل تو-
خۇسى بار ئىدى. بۇ توخۇ ھەر ئىككى كۈن-
دە بىر قېتىم تۇخۇم تۇغاتتى. كەمپىر بىر كۈ-
نى:

توخۇرۇمنىڭ قوسىغىدا تۇخۇم غەزىنىسى
بار بولسا كېرەك. ھەر ئىككى كۈندە بىر تۇ-
خۇم ئېلىشتىن كورە، ئۇنىڭ قوسىغىدىكى
تۇخۇم غەزىنىسىدە ساقلانغان ھەممە تۇخۇم-
نى بىرە تولا ئېلىۋالاي، — دەپ دەرھال تو-
خۇنى بوغۇزلىدى. ئەپسۇسكى، توخۇ قوسى-
غىدىن تۇخۇم غەزىنىسى ئۇ ياقتا تۇرسۇن،
بىر دانىمۇ تۇخۇم تاپالمىدى،بۇنىڭ ئۇستىگە
دارامەتلىك توخۇسىدىنمۇ ئايرىلدى.

خۇلاسە: ئىنسان ھېچ قاچان تاماگەر
بولماستىن ،قولىدا بارىغا قانائەت قىلىشى
كېرەك. تاماگەرلىك ئىنسانىغا ھېچ نەرسە
ھاسىل قىلمايدۇ، بەلكى ھەر ۋاقىت ھا-
سىل بېرىپ تۇرغان نەرسىسىنىمۇ غا -
يىپ قىلىدۇ.

تاماگەرلىك ھەققىدە ئەلىشىر ناۋائىي مۇن-
داق دەيدۇ:

چۈنكى تاما بولدى گادالار ئىشى،
بەلكى گادالار تاما ئەتكەن كىشى.
ئۆلكى ئېتىپ تەركى قانائەت شىئار،
ئەيلەپ ئۇنى ئۇ تاما ئەل ئىچرە خار.

باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېبەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 ـ قەۋەت،
813 ـ خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى ـ
جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن
«ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1238 زاكاز 9698

تېلېفون:
33 ـ 84 ـ 59

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г.
Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г. Учредитель — ТОО "Висал"

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.